تۇرسۇن نىياز

# بۆشۈك ۋە قەبرە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تۇرسۇن نىياز

# بۆشۈك ۋە قەبرە

( شېئىرلار توپلىمى )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

جاۋابكار مۇھەررىرى : **تۇرغۇن يىلتىز**



## نەشرىياتتىن

شائىر ، ژۇرنالىست تۇرسۇن نىياز 1940 ـ يىل 12 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى غولتوغراق يېزىسىنىڭ بەشتۇپ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1957 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇغان . 1966 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچى ، « قەشقەر گېزىتى » ئىدارىسىدە تەھرىر ، مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن . 1984 ـ يىلدىن ھازىرغىچە « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە . ئۇ 1992 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئىگە .

تۇرسۇن نىياز 1959 ـ يىلى « شىنجاڭ ياشلىرى » گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان « قەھرىمان قەبرىسىنى يوقلاپ » ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىغا كىرىپ كەلگەن . ھازىرغىچە بولغان 36 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدا ئۇنىڭ « ئۇزۇن سەپەر ناخشىلىرى » ، « سۇدىن چىققان پەرىزات » ، « سالام ، يۇلتۇزلار » ( باشقىلار بىلەن بىللە ) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ، « ئاچا ـ سىڭىل » ، « سادا » ( باشقىلار بىلەن

بىللە ) ناملىق ھېكايىلار توپلاملىرى ، « ئەگرى شاخنىڭ تەقدىرى » ناملىق مەسەللەر توپلىمى نەشر قىلىنغان . ئۇ تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان « 100 ھېكايە » ، « قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر » ، « تۆمەن دەرياسى » ، « سامان يولى » ( باشقىلار بىلەن بىللە ) قاتارلىق شېئىر ، ھېكايىلار توپلاملىرى ئىلگىرى - كېيىن نەشردىن چىققان . « ھايات ھەققىدە رۇبائىيلار » ، « كۆڭۈل قۇشلىرىم كۈيلەيدۇ ناخشا » قاتارلىق ئون نەچچە پارچە شېئىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل باھالاشلاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن .

تۇرسۇن نىياز جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى .

# مۇندەرىجە


ئانا تۇپراق، ئەقىدەمدە ـ قەسىدەمدە سەن ................ 1
ئەقىدە ............................................ 1
مەن ۋە بۇلاق .................................... 2
ئادەم ۋە دۇنيا .................................... 3
بۆشۈك ۋە قەبرە ................................... 5
چىغىر يول ....................................... 7
چىم بۇلاق ...................................... 10
بۇ مېنىڭ سۈرىتىم ــ بۇ مېنىڭ نەۋرەم ............... 12
ئەگمە، ئوغلۇم، يۇلغۇن شېخىنى ....................... 14
بوز تورغاي ..................................... 15
مەن ئۈچۈن قەدىرلىك تۇغۇلغان سەھرا ................. 16
نورۇز چاچقۇلىرى .................................. 19
نورۇز بوۋايغا .................................... 19
نورۇز قىزىغا ..................................... 19
نورۇز ئوغلىغا .................................... 20
ياشلىقىمدا ئېيتالمىغان غەزەللەر ...................... 21
رەڭگىنجىش تۇغقان مىسرالار ......................... 36
هايات ھەققىدە مۇلاھىزە ............................ 36
تىلەمچىگە ...................................... 38
پۇشايمان ....................................... 39
دورا ........................................... 42
مايمۇنچاققا ...................................... 43
ئىت ۋە كالا .................................... 43

هەسرەت ........................................ 43
هايات قسمەتلىرى ........................................ 43
تۆر تالاشقان جانابقا ........................................ 45
شۇنداق بىر دوستۇم بار ........................................ 45
ئۇنئالغۇ هەققىدە پاراڭ ........................................ 47
يوقالغان تۇيغۇ ........................................ 47
پىيەنچۇكلەرگە ........................................ 48
چىرىكلەر تەختى ۋەيراندۇر ........................................ 49
هىجران پۇتۇكلىرى ........................................ 53
هىجران كۈيى ........................................ 53
ۋىسال ئارزۇسى ........................................ 54
مۇهەببىتىم ئەمەس سىرلىق تېپىشماق ........................................ 55
بىر گۈزەلگە ئىلتىجا ........................................ 56
قايتىپ كەلدى ياشلىقىم ........................................ 57
ۋىسال ........................................ 58
سۆيگۈ ........................................ 59
يىغلىما ........................................ 59
دوستلارغا تىلەك ........................................ 62
ئەللىك يېشىڭ مۇبارەك ( مۇۋەششەھ ) ........................................ 62
يەر تەۋرىدى ، ئەل تەۋرىدى ........................................ 63
ئاسمان لىرىكىلىرى ........................................ 66
ئاسمانغا قاراپ ........................................ 66
يېڭى يىلغا بېغىشلىما ( باللار ئۈچۈن ) ........................................ 68
تەبىئەتنىڭ ئۆزخىسلىتى قەدىرلىك ........................................ 69
قۇياش تۇغقان خىياللار ........................................ 70
قار سىزغان رەسىم ........................................ 71
رۇبائىيلار ........................................ 73

# ئانا تۇپراق ، ئەقىدەمدە ـ قەسىدەمدە سەن

## ئەقىدە

ئۆزۈمگە خاس ئەقىدەم بار ، مۇقەددەس ،
غۇرۇرۇمغا ياتتۇر گۆدەك خىياللار .
ۋىجدان ئاتلىق قۇشلىرىمغا لاماكان ،
ئۆز يولۇمغا خىلاپ مەنزىل ـ نىشانلار .

ئۆز يولۇم بار ئەجداد قىينى تۆكۈلگەن ،
لازىم ئەمەس ، تەييار جەننەت ، داۋانلار .
گۈل ۋەسلىگە مىنى مەپتۇن قىلالماس ،
خەمىكىدىن پىلىكى كۆپ باراڭلار .

سۆيگىنىم بار ، كۆيگىنىم بار چىرايلىق ،
ئالدىمدا خەس ، قەلبى ناپاك جۇۋانلار .
ئالدىيالماس گۈل لىۋىنى جام قىلىپ ،
مەي تۇتسىمۇ گۈزەل ساھىبجاماللار .

دوستلىرىم بار ، ھەممىسى ئۆز قېرىنداش ،
بىرلىك ئۈچۈن ئاپەت پەقەت نادانلار .
دوستۇم ئەمەس ئۆز زاتىنى ئۇنتۇغان ،
ئۆز ـ ئۆزىگە كاچات سالغان ساراڭلار .

ئۆزۈمگە خاس ئەقىدەم بار ، مۇقەددەس ،
ۋۇجۇدۇمغا بىرلا سۆيگۈ ھۆكۈمران .
ئەقىدەمگە قانات بولسا ئەل - ۋەتەن ،
سۆيگۈم ئۈچۈن تەختىگاھتۇر كەڭ جاھان .

## مەن ۋە بۇلاق

قايناپ تۇرغان كۆزلىرىڭگە ئېگىپ باش ،
سۇ كۆت ئىچرە قاراپ تۇرار مەجنۇن تال .
بۇلاق كۆزۈڭ تال ۋەسلىگە شەيدامۇ ،
مەن تۇغۇلسام مەۋجۇت ئىكەن مۇشۇ ھال ؟

قايسى زامان ، قايسى چاغدا ئېچىلغان ،
تولغان بۇلاق سىرلىرىغا كۆزلىرىڭ ؟
تۈگىمەيدۇ نېچۇن تىنماي شىۋىرلاپ ،
شۇنچە مۇڭلۇق ، دىلنى ئېزەر كۈيلىرىڭ ؟

ئۆتكەن ئىدى سەبىي چېغىم بۇ يولدا ،
شۇ چاغدىمۇ تىلسىز ئىدىڭ ، جىم ئىدىڭ .
ئايرىلغاندا ، ئاخشاملىرى قېشىڭدىن ،
كاككۇك قونغان بوستانلارغا جۈپ ئىدىڭ .

ئۆتتى قىران ياشلىقىممۇ بويۇڭدا ،
دوستلار بىلەن بەزمە قۇرۇپ ، ئوينىشىپ .
سۆيگەن ئىدى ، يارمۇ مېنى تۈنجى رەت ،
سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەردە قوغلىشىپ .

ئايرىلىشتىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندە ،
سېنى ئىزدەپ كەلدىم ، يەنە كۆرەي دەپ .
ياشلىقىمدا ئىزىم چۈشكەن تۇپراقنى ،
تۇتىيا قىپ كۆزلىرىمگە سۈرەي دەپ .

باقسام تونۇش كۆزلىرىڭگە قايتىدىن ،
ھەمراھ ئىكەن بۇرۇنقى شۇ مەجنۇنتال .
ئۆزگەرگىنى بوپتۇ پەقەت بۇ يەردە ،
( تونۇگۇنكى قىران يىگىت بۈگۈن چال ) .

مۇڭلانمىغىن بۇلاق ، ئەمدى شىۋىرلاپ ،
كۈندە ئىزدەپ كەلمىدى دەپ قېشىمغا .
مەن كەلمىسەم ، سۆيگۈ ئىزدەپ ، گۈل تۇتۇپ ،
نەۋرىلىرىم بېرىپ تۇرار بېشىڭغا .

## ئادەم ۋە دۇنيا

گۈل دېسەم ئىنساننى ياكى بىر گىياھ ،
گۈلشەندۇر بىپايان كەڭ زېمىن - دۇنيا .
قەلبىنى ئوخشاتسام چەكسىز دېڭىزغا ،
ئەجرى بۇ دېڭىزغا قۇيۇلغان دەريا ،
دەريالار قۇرۇماس ، قۇرۇماس گۈلشەن ،
قەترىدىن ياشنايدۇ بۇ گۈزەل دۇنيا .

نۇر دېسەم ئىنساننىڭ سۆيگۈ - مېھرىنى ،
مىڭ قۇياش ئالدىمدا بولىدۇ پەيدا ،

بۇ نۇردىن يارالغان ئاتەش سىماغا
كۆكتىكى يۇلتۇزمۇ بولىدۇ شەيدا .
شەيدالىق خاس ئەمەس يۇلتۇزغا تەنھا ،
نۇر بىلەن ياشايدۇ كەڭ زېمىن - دۇنيا .

ئۈمىد ۋە ئىرادە قۇرۇماس بۇلاق ،
شىجائەت سۈيىدىن بولۇر باغ بىنا ،
باغلارغا ئاشىقتۇر گۈل پۇراپ يۈرگەن ،
تەبئەت ئەركىسى تاڭدىكى سابا ،
يېڭى تاڭ ، يېڭى كۈن دوستلۇققا تەشنا ،
ئىجاد ۋە مېھنەتتىن ياشنايدۇ دۇنيا .

تىرىكلىك ھاياتنىڭ بەلگىسى ئەمەس ،
ياشاشلا ھاياتتىن بەرمەيدۇ مەنە .
ئىنسانغا ھامىيدۇر ئەقىل - پاراسەت ،
ئۇنىڭسىز ھېچكىشى بولمايدۇ دانا ،
دانالار قەلبىدە چاقنايدۇ يۇلتۇز ،
پەزىلەت - خىسلەتتىن ياشنايدۇ دۇنيا .

ساداقەت - سۆيگۈنىڭ بېغىدا بىر گۈل ،
گۈل ئۈچۈن باغۋەننىڭ ئەجرى مىڭ ئەلا .
ئەجىرسىز گۈللەرمۇ بولىدۇ غازاڭ ،
غازاڭغا بۇلبۇلمۇ قونمايدۇ ئەسلا .
ساداقەت - سۆيگۈدىن تۆرەلگەن ئىنسان ،
ئەجدادلار ئىزىدىن ياشنايدۇ دۇنيا .

## بۆشۈك ۋە قەبرە

« ئورتاق قىسمەت بۆشۈك بىلەن قەبرىدە ...
نېچۈن ئۇلار بىر - بىرىگە شەكىلداش ؟ »
ئۇلۇغ ئالىم مەقبەرىسى ئالدىدا ،
سوراپ قالدى بىر ۋەتەنداش - قېرىنداش .

راست ئەمەسمۇ ئۇنىڭ قويغان سوئالى ،
ھەر ئىككىسى بىر شەكىلدە ياسالغان .
بىرى ھايات ، بىرى مامات ، نىشانى
بولۇپ مەڭگۈ بۇ دىيارغا تارالغان .

مەۋج ئۇرۇپ تەپەككۇرۇم شۇھامان ،
ھاياجاندا چۆكتۈم چوڭقۇر خىيالغا .
ئەجدادلارنىڭ تارىخىنى ۋاراقلاپ ،
تاپتىم جاۋاب بۇ مەنىلىك سوئالغا .

دېدى تارىخ ( ئەجدادلارنىڭ ئىزلىرى ) :
— راست ئېيتىسەن ، بۇ ئىككىسى شەكىلداش .
قىسمەت نېمە ، خىسلەت نېمە ، بۇنىڭدا ؟
ئاڭلا مەندىن ، سۆزلەي ساڭا قېرىنداش :

يۇرتىمىزنىڭ پاك نامىدەك مۇقەددەس ،
شۇ مۇبارەك بۆشۈك بىلەن قەبرىمىز .
ئۆتكەن ئەجداد ئورۇن ئالسا قەبرىدىن ،
ئۆسەر مىڭلاپ ، بۆشۈكلەردە نەۋرىمىز .

شەكىلدىكى ئوخشاشلىقمۇ مۆجىزە ،
تىلسىم ئەمەس ، بىراق سىرى يېشىلمەس .
بۆلەنمەستىن شۇ بۆشۈككە تۇغۇلۇپ ،
بىرمۇ ئىنسان بۇ قەبرىگە كۆمۈلمەس .

بۆشۈك ئۆزى ھاياتلىقتا سىمۋول ،
ئالتۇن قەسىر ئۇ تۇغۇلغان بوۋاقتا .
بۆشۈك ئۆزى يەر - جاھانغا سىمۋول ،
ئوخشار شۇڭا ئەگمىلىرى ئۇپۇقتا .

بۆشۈك دېمەك ھايات دېمەك ، جان دېمەك ،
سەن تۇغۇلغان ، سەن بۆلەنگەن يەر دېمەك .
بۆشۈك دېمەك ، ھەر قەترىسى بىباھا ،
ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانا ئەل دېمەك .

پەرۋىش تېپىپ ، شۇ بۆشۈكتىن ھەر ئىنسان ،
يېتەر ئۆزى كۈتكەن مەنزىل - نىشانغا .
تونۇلغۇسى ئاشۇ قان - تەر ئەجرىدىن ،
تەڭدىشى يوق ، باتۇر بولۇپ جاھانغا .

شۇ سۈپەتتىن تۇغقان ئانا دىيارنى ،
« ئالتۇن بۆشۈك » دەيدۇ ھەركىم قەدىرلەپ .
شائىرلارمۇ « كۆزلىرىڭگە تۇتىيا »
دەيدۇ ھەر تاش ، تۇپرىقىنى مەدھىيىلەپ .

بۆشۈك شۈنداق بولغاچ بىزگە مۇقەددەس ،
قەبرىمىزمۇ شۇ تەقلىدتە ياسالغان .
قۇيغان خىشى پۇتكەچ ئەزىز خاكىدىن ،
مازارلارمۇ « ئالتۇنلۇق » دەپ ئاتالغان .

دېمەك ، بۆشۈك قەبرە بىلەن شەكىلداش ،
شەكىلداشلا ئەمەس ، ھەتتا مەنىداش .
باغلاپ تۇرار ئۇنى ۋەتەن سۆيگۈسى ،
بۇ ھەقىقەت ، بىلىپ قېلىڭ قېرىنداش .

*   *

ئەجدادلارنىڭ پاك نامىدەك مۇقەددەس ،
شۇ تەۋەررۇك بۆشۈك بىلەن قەبرىمىز .
ئۆتكەن ئەجداد ئورۇن ئالسا قەبرىدىن ،
ئۆسەر مىڭلاپ ، بۆشۈكلەردە نەۋرىمىز .

## چىغىر يول

چاچلىرىمغا چۈشسىمۇ قىراۋ ،
ھەر كۆرسەم،
ھەر باقسام
قايتىمەن بىغۇبار گۆدەك چېغىمغا
قوينۇڭغا ھەر قېتىم كەلگەندە يۇرتۇم .
بىراق ئەمدى
ئەمەسمەن گۆدەك

مەن بىلەن يانمۇ - يان مېڭىپ قېشىمدا
يولبويى سىردىشار ئەڭ كىچىك ئوغلۇم .
ئەنە
كۆز ئالدىمدا
مەن ئۆسكەن تۇپراق ،
مەن كۆرگەن قىرغاق
يۇلغۇنلۇق دالا .
ئۆزگەرمەي
ئۆز پېتى يىللار ئۆتسىمۇ ،
تۇرۇپتۇ ھېلى
تۈنۈگۈن كۆرگەندەك بىلىنىپ ماڭا .
كۆرۈنەر كۆزۈمگە
گويا سۈرەتتەك
كىچىك چاغلىرىم :
كۆك يانتاقنىڭ چېچەكلىرىدىن
قومۇشلارنىڭ پېپەكلىرىدىن ،
تۈزۈپ گۈلدەستە
قۇم دۆڭلىرىدە قىيغىتىپ ئويناپ
مال بېقىپ يۈرگەن :
يالاڭئاياق
قارا قۇمچاق
پادىچى بالا .
ئەنە !
كۆز ئالدىمدا
شۋاق ئۆسكەن ئۈزۈن چىغىر يول ،

تونۇش چىم بۇلاق ،
تونۇش مەھەللە
تورغايلار ۋىچىرلاپ تۇرغان كەڭ دالا .
كېلەر شۇ يولدا
يۇلغۇنزارنى ئارىلاپ مېڭىپ ،
قولىدا چۆگۈن
دىلىدا ئاتەش
پادىچى ئوغلىغا ئېلىپ چاي ۋە نان
ئاق روماللىق مېھرىبان ئانا .
كېلەر شۇ يولدا
قولىدا كەتمەن
بېشىدا دوپپا
سۇ بىلەن تەڭ قۇياشنى باشلاپ
ئېتىز - قىرلارغا ،
يېشىل باغلارغا
قان ، تەرى تۆكۈلگەن جاپاكەش دادا .
ئىزدەيمەن
شۇ يولدا ماڭسام ھەر قېتىم
ئۆزۈمنى
ئاتامنى
بوۋامنى
ھەر چىمدىم تۇپراقنى قىلىپ نۇر - زىيا .
ئىزدەيمەن شۇ يولدىن
باسقان ئىزىمنى ،
ياشلىق گۈلۈمنى ،

كىندىك قىنىمنى ؛
( شۇ سەۋەب ئۇندىكى ھەر تۈپ گۈل ـ گىياھ
مەن ئۈچۈن جاندىنمۇ ئەزىز ئەتىۋار. )
ئەسلەيمەن :
شۇ يولنى كۆرسەم ھەر قېتىم
چۈشتەك شېرىن ، سەبىي چېغىمنى ،
غەم ـ قايغۇسىز ئۆتكەن كۈنۈمنى .
كەپسىزلىكتە تۆككەن يېشىمنى ؛
يول بويىدا ئۆسكەن قىياقلار
يۇلغۇنزاردىن كەلگەن پۇراقلار
شۇ سەۋەب مەن ئۈچۈن
بىر ئۆمۈر مۇقەددەس ، بۈيۈك تۇتىيا .

## چىم بۇلاق

شىۋىرلار
پىچىرلار
تونۇش چىم بۇلاق ،
يېنىدا مەن كۆرگەن يېشىل مەجنۇنتال .
ئولتۇرار قىشىدا بۇلاققا قاراپ
ئاي يۈزلۈك
گۈل بەدەن
چاچلىرى سۇمبۇل
كېلىشكەن بىر زىبا ـــ بىر ساھىبجامال .
شىۋىرلار

پىچىرلار
زۇمرەت چىم بۇلاق
قىرىق يىل مۇقەددەم كۆرگەندەك يەنە
كېچىسى باغرىدا ئۈزۈپ تولۇنئاي .
« ئېيتقىنا چىم بۇلاق
سەن نېچۈن سېخىي ؟
تۇرۇپسەن ئۆزگەرمەي ياپياشلا تېخى ؟ »
ئېچىمدە ئۇنىڭغا قويىمەن سوئال .
شىۋىرلار
پىچىرلار
بۇلاق جاۋابەن :
« كۆردۈڭمۇ قېشىمدا تۇرغان رەنانى
قولى گۈل ، قەلبى چوغ گۈزەل بەرنانى ،
مەن شۇنداق مەڭگۈلۈك گۈزەللىككە باي . »
شىۋىرلار
پىچىرلار
بۇلاق جاۋابەن :
سەن كەتسەڭ كەينىڭدىن كېلىدۇ ئوغلۇڭ ،
ئوغلۇڭنىڭ ئىزىدىن كېلىدۇ نەۋرەڭ ،
بۇ شۇنداق سەييارە
بۇ شۇنداق جاھان ،
ئايلىنار بۇ ھالەت مىنۇت توختىماي .
كۆردۈڭمۇ
ئالدىڭدا تۇرغان پەرىنى ،
يار ئۈچۈن تەلمۈرگەن ئوتلۇق كۆزىنى ،

ئۇ بەلكىم ئوغلۇكىنى ساقلاپ تۇرغاندۇ ؟
بىلەمسەن ، ئۇ سېنىڭ پادىچى دوستۇڭ
تام قوشناڭ قادىرنىڭ قىزى — ئايجامال .

*　　　　*

شىۋىرلار
پىچىرلار
تونۇش چىم بۇلاق
يېنىدا مەن كۆرگەن يېشىل مەجنۇنتال .
ئولتۇرار قېشىدا بۇلاققا قاراپ
ئاي يۈزلۈك
گۈل بەدەن
چاچلىرى قۇندۇز
كېلىشكەن بىر زىبا — بىر ساھىبجامال .

## بۇ مېنىڭ سۆيگىنىم — بۇ مېنىڭ نەۋرەم

ئۇچۇپ يۈرەر باغدا كېپىنەك
ئىزىق بويى پەۋەس گۈل - گىياھ .
نەدىن كەلدى يامىشىپ گۈلگە
تۇتۇپ ئالدى ئۇنى شوخ بالا .
ھەسرەت بىلەن سورىدى كېپىنەك :
— نەدىن كەلدى بۇ يامان بالا ؟
مەن دېدىمكى گۈللەرگە قاراپ :
— مېنىڭ نەۋرەم بۇ شەيتان بالا .

تىنچ ئىدى زۇمرەت كۆل سۈيى ،
دولقۇنلىنىپ كەتتى بىر ھازا .
سۇغا شۇڭغۇپ يوقالدى كۆزدىن ،
قاراپ تۇرسام يەنە شۇ بالا .
بېلىجانلار سوراشتى مەندىن :
— نەدىن كەلدى بۇ بەڭباش بالا ؟
مەن دېدىمكى ئۇلارغا قاراپ :
— مېنىڭ نەۋرەم بۇ غەۋۋاس بالا .

ئېگىز ئۆسكەن قاپاق تېرەكنىڭ
شېخى سۇنۇپ بۇزۇلدى ئۇۋا .
ئۇچۇپ كەتتى قورقۇپ ئۇنىڭدىن
تۇخۇم باسماي تۇرۇپ قارىغوجا .
سورىدى دەرھال قۇشلار مېنىڭدىن :
— نەدىن كەلدى بۇ ئەنسىز بالا ؟
مەن دېدىمكى قۇشلارغا قاراپ :
— مېنىڭ نەۋرەم بۇ كەپسىز بالا .

ئۇۋغا چىقتىم ئىزدەپ ئۆزۈمنى
قارشى ئالدى يۇلغۇنلۇق دالا .
ئالا بويناق قالدى ئارقىدا ،
بۆجەن قوغلاپ ماڭسا شۇ بالا .
شوخ توشقانلار سورىدى مەندىن :
— نەدىن كەلدى بۇ شاتىر بالا ؟
مەن دېدىمكى ئۇلارغا قاراپ
— مېنىڭ نەۋرەم بۇ باتۇر بالا .

تاڭ سەھەردە ئاسمانغا باقسام
كۆكتە تورغاي ئەيلىدى ناۋا .
ــــ مەنمۇ سەندەك سەھراغا ئاشىق ، ــــ
دېدى نەۋرەم ، ــــ كەتمەيلى بوۋا ...
كۈلدى ئاسمان ، كۈلدى تەبىئەت
چاچتى كۆكتە قۇياش نۇر - زىيا .
تىلغا كىردى نۇرانە تۇپراق :
ــــ قال ، خالىساڭ ، باغرىم كەڭ - تاشا .
دېدىم مەنمۇ تۇپراققا قاراپ :
مېنىڭ نەۋرەم بۇ شائىر بالا .
ماڭا ئوخشاش ئۇنىڭدىكى قان
سۆيگۈمىزگە بولسۇن ئىز ، گۇۋاھ .

## ئەگمە ، ئوغلۇم ، يۇلغۇن شېخىنى

كەلمە ، ئوغلۇم ، يۇلغۇن تۈۋىگە
تۇمۇچۇقلار ئۇركۈپ كەتمىسۇن .
ئەگمە ، ئوغلۇم ، يۇلغۇن شېخىنى
يىلتىزىغا زەخمە يەتمىسۇن !

گۆدەك چېغىم ئۇنىڭ قېشىدا
دوستلار بىلەن مۆكۈپ ئوينىغان .
شاخلىرىدىن ئېگىپ قول چوماق
توقايلاردا توشقان قوغلىغان .

مەن بىلەن تەڭ ، ئۇنىڭ يىلتىزى
چۆل - دەشتتە كەتمىدى قۇرۇپ .
يېرىم ئەسىر ياشىدى شۇنداق
يىللارسىرى باراقسان بولۇپ .

بەلكىم بۈگۈن سەن كۆرگەن چېچەك
كەلگۈسىدە سايىۋەن بولار .
كېلەلمىسەڭ ناۋادا بىر كۈن
«كىم ئۆزۈڭ ؟» دەپ نەۋرەڭدىن سورار .

شۇ يۇلغۇننىڭ چېچەكلىرىدە
ئەجدادلارنىڭ تۆككەن قېنى بار .
شۇ يۇلغۇننىڭ ئۆسكەن يېرىدە
بوۋىلارنىڭ ئاياغ ئىزى بار .

* *

كەلمە ، ئوغلۇم ، يۇلغۇن تۈۋىگە ،
شوخ توشقانلار ئۇركۈپ كەتمىسۇن .
ئەگمە ، ئوغلۇم ، يۇلغۇن شېخىنى
چېچەكلىرى توزۇپ كەتمىسۇن .

## بوز تورغاي

ئۇۋاڭنى ئىزدەيمەن يانتاق تۈۋىدىن
يۇلغۇنلۇق شور دالا يۇرتۇڭ بىپايان .
بۇلبۇلدەك ئاشىقمۇ ئەمەسسەن گۈلگە

سەن ئۇچۇن بولسا بەس
بىر خىلۋەت ماكان.
بوز تورغاي، بوز تورغاي سايرىغىن تىنماي،
ئۇنۇڭنى ئاڭلىماي ئۆتتۇم كۆپ زامان.

سەن سەھرا بۇلبۇلى — تاڭنىڭ ئەلچىسى،
سەن قۇشلار شاھىسەن، چۆللەرگە خاقان.
سايرىساڭ «چۇ - چۇ» لاپ سۇبھى - تاڭ سەھەر
قايىلدۇر ناخشاڭغا يەتتە قات ئاسمان.
بوز تورغاي، بوز تورغاي سايرىغىن تىنماي،
ئەركىڭنى، بەختىڭنى ئايان قىل ھامان.

تەختىڭ بار، بەختىڭ بار ئالەمشۇمۇل، كەڭ،
بىھاجەت سەن ئۇچۇن گۈل بىلەن بوستان.
كەچتە شور تۇپراقنى ياتساڭ قۇچاقلاپ
كۆرۈنمەس كۆزۈڭگە جەننەتۇل رىزۋان.
بوز تورغاي،
بوز تورغاي،
سايرىغىن تىنماي
ياشىسام سەن كەبى يوق ئىدى ئارمان.

## مەن ئۇچۇن قەدىرلىك تۇغۇلغان سەھرا

باللىق قەسرىمدىن چىرماشقان خىيال،
بىر ئۆمۈر يولۇمغا بولدى جۈپ - ھەمراھ.
ئارزۇلار قىسمىتى بولسىمۇ چۇل -چۇل،

سەبي ، پاك تۇيغۇلار ئۆلمىدى ئەسلا .
مەن سەھرا بالىسى ، سەھرادا ئۆسكەن ،
مەن ئۈچۈن قەدىرلىك تۇغۇلغان سەھرا .

شېرىن چۈش ، شېرىن دەم بالىلىق خىيال ،
ئۇ مەۋجۇت ھېلىھەم قەلبىمدە تەنھا .
ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم غۇنچىغا قىياس ،
ياشلىقىم خۇش پۇراق چاچقان گۈل - گىياھ .
مەن سەھرا بالىسى ، سەھرادا ئۆسكەن ،
مەن ئۈچۈن كەڭ يايلاق تۇغۇلغان سەھرا .

يۇرتقا پاك ئەقىدەم ئۆزگەرمەس زىنھار ،
جان مۈلكۈم تېنىمدىن بولسىمۇ جۇدا .
« سەھرايى قىيامەت » دېگەن قايسى زات ،
ئەسلىنى ئۇنتۇغان ئىكەن ئۇ دانا .
مەن سەھرا بالىسى ، سەھرادا ئۆسكەن ،
مەن ئۈچۈن گۈل ماكان تۇغۇلغان سەھرا .

چېكى يوق بىپايان ئاشۇ نۇر دىيار ،
جەننەتۇل مەئۋادىن مىڭ ئەزىز ، ئەلا .
گۈل سۆيگەن ئىپار ھىد دالا شامىلى ،
بىمار بوپ ياتقاندا رەنجىمگە شىپا .
مەن سەھرا بالىسى ، سەھرادا ئۆسكەن ،
مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك تۇغۇلغان سەھرا .

بۇ تۇپراق — گۈل تۇپراق ، ئادەملىرى گۈل ،
ھالال تەر - ئەجرىدىن ياشنايدۇ دۇنيا .

قەلبى ئاق ، مېھرى ئوت ، چېھرى نۇر - ئاتەش ،
بى مىننەت ھىممىتى قۇرۇماس دەريا .
مەن سەھرا بالىسى ، سەھرادا ئۆسكەن ،
مەن ئۈچۈن مۇقەددەس ، تۇغۇلغان سەھرا .

مەن ياشاي شەھەردە ، مەيلى جەننەتتە ،
خا كېچە ، خا كۈندۈز ئۇ ماڭا ھەمراھ .
ئوڭۇمدا ، چۈشۈمدە ، خىيالىمدا ھەم ،
كۆرۈنەر تۇپرىقى خۇددى نۇر - زىيا .
مەن سەھرا بالىسى ، سەھرادا ئۆسكەن ،
مەن ئۈچۈن قەدىردان تۇغۇلغان سەھرا .

1990 - ، 1995 - يىللار ، قەشقەر

# نورۇز چاچقۇلىرى

## نورۇز بوۋايغا

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، نورۇز بوۋا ،
گۈل تۇتاي نەزمەم بىلەن قۇتلاپ ساڭا .
كىم دېسۇن بۇ يىل يېشىڭ ئۈچ مىڭدا دەپ ،
غۇنچىدەك تۇرساڭ تىمەن ياپياش يەنە .
سەن بىلەن تەڭ باشلىنار ، يىلنىڭ بېشى ،
سەن بىلەن تەڭ بۇ زېمىن - يۇرتنىڭ يېشى .
سەن بىلەن ياشناپ - كۈلۈپ ، ئاچقاي چىراي ،
بۇ ۋەتەننىڭ گۈل - گىياھ ، تاغۇ تېشى .
كەل سېنى قۇتلاي بۈگۈن نەزمەم بىلەن ،
ئاز كېلەر شەنىڭگە مىڭ شائىر كۈيى .
قىزىماس سەنسىز شەھەر - سەھرادا توي ،
بولمىساڭ بۇ بەزمىدە مەشرەپ بېشى .

## نورۇز قىزىغا

ئاي سۈپەت ۋەسلىڭ بىلەن ئەي دىلرەبا ،
بارچە دىلنى ئەيلىدىڭ رام - مەھلىيا .
كىم سېنى بۇلبۇل دېمەس ، ناخشاڭ بىلەن ،

خەندە ئۇرساڭ چارى باغ ، بوستان ئارا .
قاشلىرىڭ ئالدىدا خەس بەرگى قىياق ،
كىرپىكىڭ ئوقياسىدىن دىللار يارا .
كۆزلىرىڭدىن مىڭ خىجىل ، نورۇز بۇلاق ،
چاچلىرىڭنىڭ رەڭگىدىن قۇندۇز خاپا .
گۈل تۇتۇپ كەپسەن ، ئۆزۈڭ بىر گۈل تورۇپ ،
خۇش ھىدىدىن مەست بولۇپ قالدۇق چالا .
نەدە ئۇ ، ئېيتقىن ، سېنى كۈتكەن يىگىت ،
ئۆز قولۇڭدا سۇن ئۇنى ئەيلەپ ۋاپا .
بولمىسا كۆكسىدە چاي قايناي‌دىغان ،
چېچى ئاپئاق شائىرلارمۇ كىپ قالا .

## نورۇز ئوغلىغا

نەۋ باھاردا نورۇز گۈلى ئېچىلمىسا باغلاردا ،
قىز – چوكانلار قىسالامدۇ چېكىسىگە چىرايلىق .
گۈل بولمىسا ، گۈل ئورنىدا بېيىت يېزىپ يىگىتلەر ،
تۇتۇپ قويۇڭ قىزلار ئۈچۈن نەزمىڭىزدىن تۇمارلىق .

« كۆز تەگمەيدۇ » دېگەن گەپ بار تۇمار ئاسقان قىزلارغا ،
راست بولسىلا ئەلنىڭ سۆزى ، سىزگە كەلمەس جۇدالىق .
قىزلار كېلىپ تۇتۇپ قالسا سىزدىن بۇرۇن بىر نەزمە ،
ئېلىپ ئۇنى گۈل ئورنىدا پۇراپ قويۇڭ خۇمارلىق .

1990 – ، 1995 – يىللار ، قەشقەر .

# ياشلىقىمدا ئېيتالمىغان غەزەللەر

## 1

« ساڭا كۆيدۈم » دېسەم جانان، مازاق ئەيلەپ كۈلەرسەنمۇ ؟
ۋە ياكى چوڭ ئەيىب كۆرمەي: « ئۆزۈممۇ ئۇتتا » دەرسەنمۇ ؟

نېمە كۆرسەم پېشانەمدىن، پەلەكنىڭ قىسمىتى شۇكەن،
ئۇنى كۆرمەككە چارەم يوق، بۇنى بەرھەق بىلەرسەنمۇ ؟

ئېغىر كەن سۆيگۈ سەۋداسى، پىراقى ئۆرتىدى جاننى،
بىمار بولسام مېنى ئىزدەپ، كېلىپ بىر رەت كۆرەرسەنمۇ ؟

كۆرۈپ ھالىمنى سەكراتتا، « مېنىڭ چىن ئاشىقىم ئۇ » دەپ،
كېلىپ رەھمىڭ پەقەت شۇندا پېشانەمدىن سۆيەرسەنمۇ ؟

سۆيۈپ قويساڭ مېنىڭ بەختىم، ئۆمۈرلۈك رازىمەن سەندىن،
ۋە ياكى ئۈندىمەي جىمجىت، يۈزۈڭ ئۆرۈپ كېتەرسەنمۇ ؟

## 2

قاچان كۆردۈم سېنى دىلبەر، بېشىمغا بىر بالا تاپتىم،
ئەمەستۇر ئۇ پەقەت بىرلا، بېشىمغا مىڭ بالا تاپتىم.

بالالار رەنجىدىن خالى بولاي دەپ ئىزلىسەم ۋەسلىڭ ،
شىپا تاپماق تۇگۇل سەندىن يۈرەككە ملڭ يارا تاپتىم .

ئازابلىق نالىلەر ئىچرە قويارغا جاننى تاقەت يوق ،
سېنى ئىزدەپ بېغىڭدىن ، خۇش بۇيىڭ سىڭگەن سابا تاپتىم .

سابا تاپتىم ، داۋا تاپتىم ، ئىكەنسەن مېھرىبان دىلدار ،
كېچىككەن بولسىمۇ سۆيگۈم ، سېنىڭدىن چىن باھا تاپتىم .

باھاغا لايىقى سۆيگۈ ئەمەستۇر ، بىل ۋاپادارلىق ،
مېنى ۋەسلىڭگە زار قىلغان تولۇنئايدىن ۋاپا تاپتىم .

**3**

نە كېرەك ئوتلۇق قۇياش شەھلا كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا ،
نە كېرەك كەچتە قەمەر نۇرلۇق يۈزۈڭنىڭ ئالدىدا .

بارمۇ - يوق بىلمەيمەن سەندەك ئۆزگە بىر شېرىن سۇخەن ،
نە كېرەك بالۇ شېكەر قىلغان سۆزۈڭنىڭ ئالدىدا .

ملڭ چىمەننىڭ ملڭ گۈلىنى تاللىسام بىر سەنچە يوق ،
نە كېرەك گۈل غۇنچىسى لەئلە لېۋىڭنىڭ ئالدىدا .

تالى مەجنۇننىڭ تېلىمۇ بىر كۆرۈپ بولغاي خىجىل ،
نە كېرەك سەرۋى شېخى ، زىلۋا بويۇڭنىڭ ئالدىدا .

قاشلىرىڭ قارلىغاچ قاناتى ، كىرپىكىڭ يانىڭ ئوقى ،
نە كېرەك بۇلبۇل كۈيى نازۇك ئۈنىڭنىڭ ئالدىدا .

ھۆر - پەرىلەر زاتىمۇسەن ، بىلمىدىم ، جان ئالغۇچى ،
نە كېرەك دوزاخ ئوتى ياققان ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا .

شۇ سەۋەب ئوتتا كۆيۈشتىن يوق ماڭا باشقا ئامال ،
نە كېرەك سەنسىز خۇشاللىق مەن قۇلۇڭنىڭ ئالدىدا .

## 4

ئىجازەت بەر ماڭا جانان ، ئىجازەتسىز يۈرەلمەيمەن ،
ساڭا كۆيدۈم دېگەن بىرلە ، سېنى كۈندە كۆرەلمەيمەن .

ئۆتۈپ كەتكەن ساڭا ئىچاغ يۈرەكنىڭ ئىختىيار - مەيلى ،
ئاشۇ ئەركىم يوقالغاچقا ، يۈرەك مەندە دېيەلمەيمەن .

ئىجازەت بەر ، تىلىمغا ھەم ساڭا دەرد - ھالىنى تۆكسۇن ،
يوقۇڭدا ياش تۆكۈپ يىغلاپ ، كۆرۈشكەندە كۈلەلمەيمەن .

ئىجازەت بەر ، پەقەت بىر رەت لېۋىڭنىڭ بال شارابىغا ،
چۈشۈمدە ئىچكىنىم بىرلە، ئوڭۇمدا مەي ئىچەلمەيمەن .

ئىجازەت بەر ، يولۇمغا ھەم كوچاڭدا بولمايىن سەرسان ،
كېتىشكە «خوش !» دېگەن بىرلە ، قەدەم تاشلاپ يۈرەلمەيمەن .

پولات ئارقانىنى ئۈزگەن شىر بۈگۈن بوپتۇ ياۋاش قوزا ،
ئۈزەلمەس رىشتىنى سەندىن ، سەۋەب نەدە ، بىلەلمەيمەن .

ئىجازەت بەر ، جىبنىغا ھەم داۋا ئىزلەپ ، شىپا تاپسۇن ،
دېگەيمىش ئۇ : «ئۆزۈڭ دورا ! ئۇنىڭسىز مەن تۈزەلمەيمەن . »

ئايان ھېكمەت سىرى ، تۇرسۇن نىيازى كۆڭلىدە بىر سۆز :
سېنىڭسىز بۇ جاھان ئىچرە ئۆزۈمنى بار دېيەلمەيمەن .

**5**

مەن بىتاقەت ساقلىسام ، كۈتكەن نىگارىم كەلمىدى ،
گۈل بەدەن ، خۇلقى لىۋەن ، قەددى چىنارىم كەلمىدى .

مەقسىتىم كۆرمەك ئەمەس ، جاننى ئوتىدا ئۆرتىمەك ،
سۆزلىرى دىلغا ئارام ، كۆزى خۇمارىم كەلمىدى .

ئوت ئەمەس ، يالقۇن ئەمەس ، كۆيدۈرگىنى مېھرى ئۇنىڭ ،
ۋە لېكىن تەپتى قۇياش ، ئايدەك جامالىم كەلمىدى .

يارىنى ئوتقا سېلىپ ، كۆيسە تېنى تەك يىغلىغان ،
باغرى يۇمشاق ، مېھرى ئاتەش ، مېھرىبانىم كەلمىدى .

پاك مۇھەببەت ، سۆيگۈ - ئىخلاس سىنىلار ھىجران بىلەن ،
شۇ سىناقنىڭ ھۆكۈمرانى گۈل ئۇزارىم كەلمىدى .

ئۆزگە يار بەختى ئۈچۈن بەختىنى قۇربان ئەيلىگەن
مەن غېرىبنىڭ پاسىبانى — غەمگۇزارىم كەلمىدى .

ئۇ كېلەر ، كۈت ت . نىيازى تەلمۈرۈپ شامۇ سەھەر ،
ۋە لېكىن ئېيتما رەقىبكە : « دىل ئارامىم كەلمىدى . »

## 6

سېنى ئىزلەپ باراي دېسەم، يولۇم بەك تار، بارالمايمەن ،
كۆتۈپ ۋەسلىڭ تۇراي دېسەم، كۆتۈشلەرگە چىدالمايمەن .

بۇ ئوتقا مۇپتىلا ئىنسان ئەزەلدىن خار، بىتەلەيمۇ ،
يولۇمغۇ بار، باراي دېسەم بىرەر باھانە تاپالمايمەن .

قېشىڭغا گەر بېرىپ قالسام، ناۋادا ئوڭ كېلىپ بەختىم ،
ھاياجاندا يۈرەك تىترەپ، چېكىپ ئىشىكىڭ ئاچالمايمەن .

ئېچىلسا ئىشىك ئۆزۈم كۆتكەن چىرايىڭ سېھىرلەر شۇئان ،
سېھىردىن لال بولۇپ كۆڭلۈم، قەدەم ئالغا باسالمايمەن .

ئەجەب مىسكىن ئىكەن ئاشىق، ۋىسال تاپسا زوۋانى يوق ،
ئۈنىڭ سىر - تىلسىماتىنى كىتاب ئىزلەپ تاپالمايمەن .

ئىچىمدە ئويلىغان سۆزنى پۈتۈپ نامە سۇناي دېسەم ،
ئۈنىڭ مىڭدىن بىرىنى ھەم قەلەم چولتا يازالمايمەن .

خالاس قىلغىن نىگار ئەمدى مېنى سەن داغۇ ھىجراندىن ،
كى تۇرسۇن ئېيتىدۇ يىغلاپ : سېنىڭسىز مەن ياشالمايمەن !

## 7

سەن نېچۈن، ئېيتقىن، نىگار ئىشقىڭنى گۇلخان ئەيلىدىڭ ،
ئاز كېلىپ ئۆرتەنگىنىم، جىسمىمنى نىمجان ئەيلىدىڭ ؟

سەن ئىدىڭ دىل ئاسمىنىمدا تولۇن ئاي ، كۈندۈز قۇياش ،
ئېيتقىنا ئەمدى نېچۈن مېھرىڭنى پىنھان ئەيلىدىڭ ؟

يوقتى قەلبىڭ ئاسمىنىدا زەررە چاڭ سۆيگەن چېغىم،
كەلدى نەدىن شۇم بۇلۇت ، چىقماسقا ئىمكان ئەيلىدىڭ .

ئاي يۈزۈڭدىن ئۆچسە نۇر ئالەم زىمىستان بولغۇسى ،
سەن ۋىسال ، ھىجراننى تەڭ سۆيگۈمگە ئىمتىھان ئەيلىدىڭ .

ئاھ ئۇرۇپ دەردكە چىداش ئۇ ئاشىقى مەجنۇنغا خاس ،
بىر نەزەر سالماقنى سەن شەمئى - نۇرىستان ئەيلىدىڭ .

ئۆرتىنىپ كۆيسەم پىراقتا كەلدىمۇ رەھىمىڭ سېنىڭ ،
دەشتى ھىجراننى لېۋىڭدىن مىسالى بوستان ئەيلىدىڭ .

دەشتنى بوستان ئەيلىگەندە ، مەن دېدىم : رەھمەت ساڭا ،
چىن ۋاپا ، پاك سۆيگۈنى دىللارغا داستان ئەيلىدىڭ .

**8**

قايسى كۈن مەن بىلمىدىم ، بۇ ئىشقنى يار قىلدىڭ ماڭا ،
نە ئىشقىم ، مىسلى زور ئاتەشنى يار قىلدىڭ ماڭا .

بىلمىدىم ، باشتا كۆيۈپ ، سېھرىڭ بىلەن ھوشسىزلىنىپ ،
ئەمدى كۈل بولسام ۋىسال تەختىڭنى تار قىلدىڭ ماڭا .

كۆرمىسەم بىر كۈن سېنى بىر يىلغا تەڭ بولدى كۈنۈم ،
بىر غېرىبچە يەر تۇرۇپ ، ھىجراننى دار قىلدىڭ ماڭا .

بى ۋىسال ئۆتمەك قىيىنكەن مەن كەبى دىل خەستىگە ،
يۈز كۆرۈشمەكنى دەقىقە ئىنتىزار قىلدىڭ ماڭا .

ئۈچرىشىپ قالساق ناۋادا ، كەلدى تار بۇ كەڭ جاھان ،
تۆت ئېغىز مۇڭداشقۇدەك خىلۋەتنى زار قىلدىڭ ماڭا .

بىلمىدىم ، ئۆمرۈم ئۆتەمدۇ ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت بىلەن ،
مەن كۈتۈپ كەلگەن تىنچ شادلىقنى خار قىلدىڭ ماڭا .

مەيلى خارلىق يەتسىمۇ يەتسۇن ماڭا ، بولماس ئۇۋال ،
چۈنكى ، سەن ئۆچكەن ئۈمىدتىن يوقنى بار قىلدىڭ ماڭا .

## 9

ھەسرىتا ! بىر سەن ئۈچۈن ۋەيرانە بولدۇم ئاقىۋەت ،
سەن ئۆزۈڭ ئوت ، مەن گويا پەرۋانە بولدۇم ئاقىۋەت .

« ئاھ ! » دېدىم ئۆرتەشلىرىڭگە جان - تېنىم بەرمەي چىداش ،
بىر يۇتۇم مەيسىز يۈرۈپ ، مەستانە بولدۇم ئاقىۋەت .

ئاي يۈزۈڭنى ئەسلىدىممەن ئاخشىمى ئايغا قاراپ ،
كۈندۈزى ئىزلەپ سېنى ، سەرسانە بولدۇم ئاقىۋەت .

نە ئامال ئۆتتۇم كوچاڭدىن ھەر كۈنى بىرقانچە رەت ،
پۇل ئەمەس ، ۋەسلى خۇمار دىۋانە بولدۇم ئاقىۋەت .

گۇل ئىدىم ، گۇلدەك يۇزۇڭگە دەسلىپى كۆيگەن چىغىم ؛
ئەمدى رەڭگىم زەپىران ، غەمخانە بولدۇم ئاقىۋەت .

بولدى مەشرەپ - بەزمىلەرمۇ مەن ئۇچۇن ھەتتا ھارام ،
ئۇشبۇ ئىش سەۋداسىدىن يىگانە بولدۇم ئاقىۋەت .

سۆيگۇ ھىجران بولسا شۇنداق ، كىم چىدايدۇ ، بىلمىدىم ،
لەيلى - مەجنۇن جىسمىغا ھەيرانە بولدۇم ئاقىۋەت .

10

مەن كۆرەي - كۆرمەي سىنى كۇندە خىيالىم سەندىدۇر ،
مەيلى سۆي ، سۆيمە مىنى سۆيگۇ خۇمارىم سەندىدۇر .

بىر نىگاھىڭ مەن ئۇچۇنلا مىڭ كۆرۇپ سۆيگەنگە تەڭ ،
پاك ئەقىدە ، ئېتىقادىم ، قىبلەگاھىم سەندىدۇر .

كۆزلىرىمدە ئىنتىزارلىق خا كېچە ، خا كۇندۇزى ،
ئىزلىمەس سەندىن بۆلەكنى كۆز قاراغىم سەندىدۇر .

تۇنلىرى شىرىن خىيالدا ئىزلىسەم سەندىن سىما ،
گۇل يۇزۇڭنىڭ ئەينىكى — شەمئى چىراغىم سەندىدۇر .

ئىشقى يوق ھېسسىز نادانغا سۆيگۇمۇ پۇتمەس گۇناھ ،
ھەرنە كۆرسەم شۇم پەلەكتىن ، دىل ئارامىم سەندىدۇر .

زىكرى قىلسام ھەر دەقىقە ئەرزىگەي نامىڭ بىلەن ،
ھۆرمىتىم ، ئىززەت - غۇرۇرۇم ، ئېتىبارىم سەندىدۇر .

ئىشقى رەنجىمگە كىرەكمەس ئۆزگىچە ئابىھايات ،
گۈل لېۋىڭنىڭ جامىدا ئىچكەن شارابىم سەندىدۇر .

## 11

گۈل تۇتۇپ چۈشتۈڭ قېشىمغا ، مەھلىيا بولدۇم قاراپ ،
نە گۈلۈڭگە كۆز تىكەيكى ، مەن سېنى قىلدىم تاۋاپ .

چۈنكى ، مىڭ گۈل ھۆسنىدىن چەندان گۈزەل چېھرىڭ ماڭا ،
شۇ چېھىر پەرۋانىسىمەن ، باغرى ئوت ، قەلبى كاۋاپ .

باغ كۆرۈندى بارچە جىسمىڭ قايسى گۈل ، قايسى ئۆزۈڭ ؟
مەست بولۇپ ئەقلىم ئاداشتى ، بىر يۇتۇم ئىچمەي شاراب .

كەلسە بۇلبۇلمۇ قېشىڭغا ، ئازغىنىپ قالغاي شۇئان ،
تاپمىسا ئۆز يارىنى ئۇ بەرگىدىن گۈلنى پۇراپ .

« سارغىيىپ قاپتۇ » دېدىممەن ، گەپ ئېلىشنىڭ قەستىدە ،
نۇر جامالىڭ ئالدىدا گۈل غۇنچىسى چەككەچ ئازاب .

گۈلغۇ سەن ، گۈل ئۆستۈرۈش ئۇ ، بولدى نەھاجەت ساڭا ،
بارچە گۈل ئالدىڭدا خەستۇر ، مەن ئۆزۈم بەرسەم جاۋاب .

رەھىم قىلغىن ، باغرى قان بۇلبۇلمۇ تاپسۇن يارىنى ،
« نەدە قالدى مەشۇقۇم ؟ » دەپ يۈرمىسۇن سەندىن سوراپ .

## 12

شادلىقىم قايسى جاھاندا ، بىلمىدىم سەندىن بۆلەك ،
تاپمىدىم سەنسىز ئۆزۈمگە ئۆزگە يار غەمدىن بۆلەك .

بارچە ئوي ، پىكرى - خىيالىم تۇرسا ھەرئان سەن بىلەن ،
جان نېمىش قىلسۇن مېنىڭدە ، بۇ قۇرۇق تەندىن بۆلەك ؟

« ئاھ ! » ئۇرۇپ بۇلبۇل دېگەيمىش : بى كېرەك بوستان ماڭا ،
كۆرمىدىم يار ۋەسلىنى مەن ، باغى گۈلشەندىن بۆلەك .

گۈل سىياقىڭنى ئەگەردە ، كۆرسە شۇ بۇلبۇل كېلىپ ،
تۆكمىگەي ئىككى كۆزىدىن قان بىلەن سەلدىن بۆلەك .

ياش ئەمەس ، قان تامچىسا مەيلى كۆزۈمدىن سەن ئۈچۈن ،
چۈنكى ، قەدرىڭنى بىلەلمەس ھېچ كىشى مەندىن بۆلەك .

## 13

نىگار ، ھۆسنىڭگە قاناماستىن ئۆتەرمۇ كۈنلىرىم شۇنداق ،
پىچىرلاپ ئايغا ، يۇلتۇزغا ئۆتەرمۇ تۈنلىرىم شۇنداق .

سېنى سورىسام تولۇنئايدىن ،دېدى : يارىڭ قېشىڭدا بار،
قاراڭنى ئالغۇچە پۈتمەي ، تۇرارمۇ كۆزلىرىم شۇنداق .

كېچە - كۈندۈز دىلىمدا سەن ، يېنىمنى ئىزلىسەم سەن يوق ،
نىگاھىڭ ئالدىدا ئۈنسىز قالۇرمۇ كۈيلىرىم شۇنداق .

يوقۇڭدا سەن بىلەن مۇڭداش ، كۆرۈشكەندە تىلىمدا يوق ،
يۈرەكنى لەختە قان قىلغان قالۇرمۇ سۆزلىرىم شۇنداق .

ۋىسالىڭغا قېنىپ ئۆلسەم ، ئەجەلمۇ مەن ئۈچۈن راھەت ،
مۇرادىم بولمىسا ھاسىل ، تۈگەرمۇ مۇڭلىرىم شۇنداق .

## 14

ئاز ئەمەس ئۆتكەن ھاياتىن ياش تۇرۇپ كۆرگەنلىرىم ،
بولمىدى كۆپ دەرد ـ ئەلەمدىن شادلىنىپ كۈلگەنلىرىم .

كىمگە قىلسام ياخشىلىقنى ياندۇرۇپ قىلدى جاپا ،
بەزىدە باغرىمنى لەختە قىلدى قان ، سۆيگەنلىرىم .

ئاق كۆڭۈل بولسامۇ چىندىن ، ھەممىگە يۇمشاق ـ ياۋاش ،
بولمىدى خالى يېنىمدىن ھەر زامان دۈشمەنلىرىم .

مەيلىغۇ ، ئۆتتۈم ئۇنىڭدىن ۋە لېكىن ھەيرانىمەن ،
پەيتى كەلسە بولدى ئوغا دوست ئۈچۈن بەرگەنلىرىم .

بەزىلەر ۋىجدان ، نومۇسنى تىلدىلا ئېيتقان بىلەن ،
ھەرىكىتى ئوخشاش ئەمەسكەن ، چىقتى جا كۈتكەنلىرىم .

مەنغۇ كەتتىم بۇ جاھاندىن مىڭ تالاي ئارمان بىلەن ،
قالغىنى قالدى سىلەرگە ، خەير ـ خوش ، كۆيگەنلىرىم !

# 15

جان تۇرۇپ يار ئالدىدا دۇشمەنگە تىز پۈككەن نومۇس ،
ياش تۇرۇپ ئىككى كۆزىدە ، نازلىنىپ كۈلگەن نومۇس .

«مەن»ئۈچۈن جاندىن كېچىپ، ھەتتاكى ئەل ـ ياردىن كېچىپ،
تەلمۈرۈپ نامەرد قولىغا ، ياخشىلىق كۈتكەن نومۇس .

جاننى ئىنسانغا ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن بەرگەن خۇدا ،
شۇ ئۇلۇغ مەقسەتكە يەتمەي نائۈمىد كەتكەن نومۇس .

كۆز ئېچىپ دۇنياغا ، قىلچە ئەجرىدىن بەرمەي يورۇق ،
جىنچىراغ ئوخشاش پىلىلداپ مايسىراپ ئۆچكەن نومۇس .

سۈت بېرىپ باقسا تېنىدىن جان ئانا ــ تۇغقان ۋەتەن ،
ئاقلىماي بۇرچىنى راۋۇرۇس ، نام تىلەپ ئۆتكەن نومۇس .

بەرسە خەلقى مېھرىدىن كۈچ ، جىسمىدىن ئابىھايات ،
بىر تۇخۇم تۇغماس توخۇدەك تۆھپىسىز كەتكەن نومۇس .

ئۆز بېغىدا خۇش پۇراقلىق بىر ئېسىل رەيھان تۇرۇپ ،
تامدىكى ھەشقىپىچەككە چىرمىشىپ ئۆسكەن نومۇس .

باشقىلار ئاسمانغا چىقسا تاڭ قېلىپ يەردىن قاراپ ،
يەتكۈچە ئاغزى قۇلاققا ماختىنىپ كۈلگەن نومۇس .

بىر بېشى ، ئىككى قولى ئوخشاش تۇرۇپ ھەركىم بىلەن ،
ئۆز ـ ئۆزىنى خەستە چاغلاپ كەمسىتىپ يۈرگەن نومۇس .

زەررە كۈچ بەرمەي چېلىشتا غەلىبىگە شېرىك بولۇپ ،
ئۆزگىنىڭ مېهنەت تەرىدىن دۇر - گۆهەر سۈزگەن نومۇس .

ماڭ سەپەرنىڭ ئالدىدا سەن ت . نىيازى يەڭ تۈرۈپ ،
كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتمەي يولدا قېپ ئۆلگەن نومۇس .

## 16

خارۇزار بولماس جاهاندا يۇرتىنى سۆيگەن كىشى ،
هەر زامان ئانا ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆيگەن كىشى .

ئەڭ سۆيۈملۈك ، ئەڭ ئەزىزدۇر ، نەگە بارسا بەختىيار ،
چىن ئىجاد - مېهنەت بېغىغا ئەجرىنى تۆككەن كىشى .

تەڭتۇشى يوق ، بىباهادۇر ، هۆرمىتى ئالەمگە تەڭ ،
كەلگۈسى ئەۋلاد غېمىنى كۆكسىگە پۈككەن كىشى .

خەسكە ئوخشاش قەدرى بولماس ، هەممە يەردە خارۇزار ،
نام - ئاتاق ، شۆهرەت كويىدا بىۋەتەن ئۆتكەن كىشى .

مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭبىر تىرىلسۇن ، شۇندىمۇ بىئېتىبار ،
قاغا قونماس دۆڭگە ئوخشاش تۆهپىسىز كەتكەن كىشى .

ئۆز بىلىپ تۆكسەڭ سىرىڭنى ، دوست بولالماس هېچقاچان
ئالدىدا دەردىڭگە يىغلاپ كەينىدىن كۈلگەن كىشى .

ئەسنە تۇتقىن ت . نىيازى ، سۈرىتى ئادەم ئېرۇر ،
باشقىلارنىڭ كۆز يېشىنى مەي قىلىپ ئىچكەن كىشى .

## 17

كىشىلەر روھىغا تالىق بولۇپ ھەرچاغ ياشار ۋىجدان ،
ئېسىل خىسلەت ـ پەزىلەتتىن يولۇقىغا نۇر چاچار ۋىجدان .

كۆرۈپ تۈيغۇ كۆزى بىرلە ، گۈزەللىك ھەم رەزىللىكنى ،
تۇرار دىلنىڭ ساماسىدا قۇياشتەك بىغۇبار ۋىجدان .

مۇھەببەت بابىدا سۆيگۈ ـ ساداقەتنى شەرەپ بىلسەڭ ،
جاسارەت بابىدا مەردلىك ـ شىجائەتكە خۇمار ۋىجدان .

زۇلۇم ـ كۈلپەت ، ئاسارەتكە ، غەزەپتە ياغدۇرۇپ نەپرەت ،
ھەقىقەت ھەم ئادالەتكە ھەمىشە ئىنتىزار ۋىجدان .

قەدىر ـ قىممەت ، گۈزەللىكتە ئاڭا ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەس ،
كىشى ئالداشقا مەككارغا ئەمەستۇر تىلتۇمار ۋىجدان .

ئۇنىڭ يوقسەك غۇرۇرىسىز ھاياتنىڭ قىممىتى بولماس ،
ياشاشنى ئويلىغان غالىب كى مەردلەرگە باقار ۋىجدان .

ھاياتىدا ۋەتەنگە كۆيسە كىم جاننى نىسار ئەيلەپ ،
ئۇنىڭ يارقىن ۋۇجۇدىدا جىمىدىن ئەتىۋار ۋىجدان .

## 18

يېنىڭدا خىلمۇ خىل ئىنسان ، جىمىنى بىلمىكىڭ مۈشكۈل ،
تونۇپ يەتسەڭمۇ شەكلىنى ، خۇيىنى بىلمىكىڭ مۈشكۈل .

سەۋەبكى ، سەن دېگەن ئىنسان ، ئەمەستۇرسەن كەبى ساددا ،
قاراپلا گۈل سىياقىغا ، ئىچىنى بىلمىكىڭ مۈشكۈل .

ساڭا ئوخشاش زۇۋان بىللە چىرايلىق سۆزلىگەي ئۇمۇ ،
بىراق قىلغان ئىشى باشقا ، دىلىنى بىلمىكىڭ مۈشكۈل .

مېنىڭدە بار دېسەڭ بىر تىل ، ئۇنىڭدىن چىققۇسى شاخلاپ ،
تىلىنىڭ ئاستىدا تىل بار ، سىرىنى بىلمىكىڭ مۈشكۈل .

ھەسەتخورلۇق ، كۆرەلمەسلىك ئۇنىڭدا بولسىلا مەۋجۇت ،
بۈگۈن دوستۇم دېگەي ، ئەتە يېنىڭدا كۆرمىكىڭ مۈشكۈل .

يېگەن ـ ئىچكەندە دوستۇڭ ئۇ ، جاپا كەلسە ، كېتەر تاشلاپ ،
ۋاپاسىز بەتنىيەتلەردىن ۋاپانى كۈتمىكىڭ مۈشكۈل .

1992 ـ ، 1995 ـ يىللار ، قەشقەر .



# رەنجىش تۇغقان مىسراللار

## ھايات ھەققىدە مۇلاھىزە

### 1

« ھايات ئۆزى ئالدامچىمۇ ، بىلمىدىم ، »
ياشاپ كەلدىم مەنمۇ دائىم ئالدىنىپ .
شۈكۈر قىلماي تۇغقىنىغا ئانامنىڭ ،
يۈردۈم تېخى ئۆز - ئۆزۈمدىن ئاغرىنىپ .

سىرلىق ئىكەن ھايات يولى ئەسلىدە ،
قالدىم قانچە سىناقلاردا شالىنىپ .
يەتسە ئەقلىم بەزى چاغدا تەكتىگە ،
يۈردۈم بەزەن دوقاللاردا ئايلىنىپ .

تىلسىم ئىكەن ھەممىدىن كۆپ ئادەملەر ،
يۈرگەن بىلەن چېھرى گۈلدەك شادلىنىپ .
كۆلكىلەردىن سېھىرلىنىپ نەچچە رەت ،
قالدى كۆزۈم تويماستىنلا ياشلىنىپ .

### 2

« ھايات ئۆزى ئالدامچىمۇ ، بىلمىدىم ، »
تاپتىم لېكىن بىر « سىر » نى كۆپ تاسقىلىپ .

— كۆل ! — دېدى ئۇ ، — كۆلكىسگە ئىنسانىنىڭ ،
يىغىسىغا تەڭ يىغلىغىن زارلىنىپ .

شۇندىن بۇيان ئۆزگەردى خۇي - مىجەزىم ،
روھى مىسكىن ، ئاجىزلىقتىن جانلىنىپ .
« خوش ، خوش ! » دېدىم ، كىمنى كۆرسەم قەيەردە ،
بېلىم ئىككى پۈكلەنگۈچە قاتلىنىپ .

ئاقنى « قارا » ، قارىنى « ئاق » دېسە كىم ،
« بەرھەق ! » دېدىم ئۈنئالغۇدەك سازلىنىپ .
ئاسماندىكى ئاينى يۇلۇپ چۈش ، دېسە ،
چىقتىم شۇئان « ياق » دېمەستىن ئاتلىنىپ .

لازىم دېسە بىراۋ ئەگەر جېنىمنى ،
« ئالغىن ! » دېدىم تۇرماي قىلچە نازلىنىپ .
قەلبى ياخشى ، پاك نىيەت دەپ ئاتالدىم ،
چوڭ - كىچىكنىڭ ئاغزىدا تەڭ داڭلىنىپ .

بەردى ماڭا بۇ ئەقىدەم چوڭ « شەرەپ ، »
كەتتى نامىم ھەممە جايغا ئاڭلىنىپ .
بولدۇم ئازاد ئىلگىرىكى « دۆت » ، « كالۋا » دىن ،
« ئىش بىلەر » ھەم « ئىقتىدارلىق » ئاتىلىپ .

## 3

« ھايات ئۆزى ئالدامچىمۇ ، بىلمىدىم ، »
ياشاپ كەلدىم مەنمۇ دائىم ئالدىنىپ .

دېمەك ، ئۇنى دېسەڭ سىرلىق تېپىشماق ،
ئېيتقىن ، سىرى تۇرار كىمگە باغلىنىپ ؟

## تىلەمچىگە

« ھەق دوس ! » دېسە ، ئۆز ئىشىكىدە تىلەمچى ،
كەتتى قوشنام نان بەرمەيلا ئالدىراپ .
« لەنەت ساڭا ! » دېدى رەنجىپ تىلەمچى ،
غەزەپ بىلەن ئىككى كۆزى پارقىراپ .

قورقۇپ شۇئان مەنمۇ ئۇنىڭ پەيلىدىن ،
ئېلىپ چىقتىم يېرىم ناننى ئۆيۈمدىن .
بىراق ، « ماڭا تۇتتۇڭ ئۇنى دوق قىلىپ »
دېدى كايىپ ناننى ئېلىپ قولۇمدىن .

كەتتى شۇنداق غەزەپ بىلەن تىلەمچى ،
بەرگىنىمنى ئۆز قولۇمغا ياندۇرۇپ .
ياندۇرسىغۇ مەيلى ، بۇنىڭ ئەكسىچە ،
ھەممىمىزگە تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇپ .

دېدىم شۇ چاغ ئۆز ئىچىمدە ئۇنىڭغا :
« تىللا مەيلى ، بەرمىگەننى خالىساڭ .
تۇزكور بولۇپ ئاچ قالمامسەن جاھاندا ،
بەرگەننىمۇ قوشۇپ يەنە قاغىساڭ ؟ »

## پۇشايمان

ئاق كۆڭۈل ، ساددىلا تۇغۇپتۇ ئانام ،
نەقىلاي ( بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھىم . )
گۇناھىم سىرتماق بولدى ئۆزۈمگە ،
« تووۋا ! » دەي مىڭ مەررە ، كەچۈر خۇدايىم .

*                    *

ئاق كۆڭۈل ، ساددىلا تۇغۇپتۇ ئانام ،
شۇ سەۋەب دۇنياغا بوپتىمەن ئاشىق .
نەپرەتنى سۆيگۈنىڭ ئوتىدا ئۆرتەپ ،
ھەممىگە ئوخشاشلا بوپتىمەن سادىق .

ئاق كۆڭۈل ، ساددىلا تۇغۇپتۇ ئانام ،
مال - دۇنيا ، بايلىقنى دەپتىمەن ھارام .
قولۇمدا بارىنى سائىلغا بېرىپ ،
خىيالىي جەننەتتە ئاپتىمەن ئارام .

ئاق كۆڭۈل ، ساددىلا تۇغقاچقا ئانام ،
ياخشىلىق ئىنسانغا دەپتىمەن خىسلەت .
يامانغا ياخشىلىق مەردلەرنىڭ ئىشى ،
ۋاپانى ھاياتتا دەپتىمەن قىممەت .

ئاق كۆڭۈل ، ساددىلا تۇغقاچقا ئانام ،
قۇرتقا ھەتتاكى ئاغرىپتۇ ئىچىم .

گاھىدا تولغىنىپ كەلسىمۇ يىلان ،
ئۆلتۈرمەي ، بىر ھازا قىتىپتۇ بېشىم .

ئاق كۆكۈل ، ساددىلا تۇغقاچقا ئانام ،
قۇۋلۇقنى ، شۇملۇقنى دەپتىمەن قىسمەت .
ۋاپاغا كىم جاپا قىلسا ئۇ ، تۇزكور ،
ئوقۇيدۇ يەر - جاھان دەپتىمەن نەپرەت .

ئاق كۆكۈل ، ساددىلا تۇغقاچقا ئانام ،
كىم ماڭا ئىگىلسە ئادەم دەپتىمەن .
خۇشامەت جامىدا كىم تۇتسا شاراب ،
مەستلىكتە ئىززەتلەپ قولغا ئاپتىمەن .

ئاق كۆكۈل ، ساددىلا تۇغقاچقا ئانام ،
بولسا كىم مەندىن چوڭ ئاكام دەپتىمەن .
كىم ماڭا ئەركىلەپ ئاچسا خۇش چىراي ،
ئىخلاسمەن ، سەمىمىي ئۇكام دەپتىمەن .

ئاق كۆكۈل ، ساددىلا تۇغقاچقا ئانام ،
كىبىرنى ، شەرەپنى ئۇستۇن بىلمىدىم .
جاپانىڭ تېغىنى كۆتۈرسەممۇ دەس ،
مىننەت قىلىپ ئىشىمغا « غىڭ - پىڭ » قىلمىدىم .

*                *

بىلدىمكى ئاخىرى چاچقا ئاق كىرىپ ،
ئاق كۆكۈل ، ساددىلىق چىققاندا باشقا .

ئایرىلدی مەن دېگەن نەپرەت ، مۇھەببەت ،
ھەسرەتتىن کۆزلىرىم تولغاندا یاشقا .

ئاق کۆڭۆل ئەمەسکەن بارچە ئادەم تەڭ ،
بىر سىرلىق تېپىشماق ئىکەن بۇ دۇنیا .
بۆگۆن سەن بىرسىگە قىلساڭ یاخشىلىق ،
ئەتىسى کېلەرکەن ئۇنىڭدىن جاپا .

سەن کۆرگەن مىسالی ئاشۇ بىر قۇرت ،
ئۆلگەندە قەبرەڭدىن چېشىپ ئۆتەرکەن .
سەن ئایاپ ئۆلتۆرمەي قویغان شۇ یىلان ،
ئۆن - تىنسىز بىر کۆنی چېقىپ کېتەرکەن .

سەن کۆرگەن ۋاپادار گۆزەل جانانلار ،
مەست قىلىپ یۆرەکنی ئالارکەن یۇلۇپ .
« مەن » دېگەن دوقالغا یەتکەندە بىر کۆن ،
قاچارکەن نومۇسنی بىر چەتتە قویۇپ .

سېنی « کەڭ قورساق » دەپ ماختىغان تىلدىن
بال ئەمەس ، بەئەینی تامارکەن زەھەر .
ئۆمرۆڭدە خاتادىن قویغان بىر چېکىت
بولارکەن ئۇلارغا تېپىلماس گۆھەر .

بولدی - بەس سۆزلىمە ، ئەي ساددا ئىنسان ،
ئۆتکەن ئىش کەتتىغۇ ، قىلما پۇشایمان .

ياخشىغا ياخشى بول ، يامانغا يامان ،
بۇنىڭدىن ئۆزگىنى خالىماس جاھان .

*　　　*

ئاق كۆڭۈل ، ساددىلا تۇغۇپتۇ ئانام ،
نەقىلاي ( بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھىم . )
گۇناھىم سىرتىماقتەك بوغدى گېلىمنى ،
« تووۋا ! » دەي مىڭ مەررە ، كەچۈر خۇدايىم .

## دورا

« مېنىڭ ئىدى ،
سېنىڭ بولدى ،
ئازراق بېرىڭ ، دورا بولدى . »
سورا — سورا دىۋانىدەك ،
يۈرەك باغرىم زېدە بولدى .
مەن بىلمىدىم ئۆز ۋاقتىدا
بەرگىنىمنىڭ قىممىتىنى ،
كۆتتۈم ئەمدى قولۇم سوزۇپ ،
دورىگەرنىڭ ھىممىتىنى .
قانداق قىلاي ؟!
ئەزەلدىنلا
شور پېشانە ھاماقەتمەن .
ياخشىلارغا ئەقىدەم يوق ،
يامانلارغا ساداقەتمەن .

## مايمۇنچاققا

زاتىڭغا خاس خىسلەت بىلەن بىر سەكرەپ،
پەگاھ ئاتلاپ چىقتىڭ ئۆيىنىڭ تۆرىگە.
چىقالامسەن ئەمدى شۇنداق كۆز بوياپ،
لاي پۇت بىلەن ئەلنىڭ كۆڭۈل تۆرىگە؟

## ئىت ۋە كالا

كاڭشىپ يۈرەر نەگە بارسا لالما ئىت،
خۇي - پەيلىگە لايىق يېگەن تاياقتىن.
ياۋاش كالا قاقشمايدۇ زادىلا،
كۈتمىگەچ نەپ ئىتقا ئوخشاش يالاقتىن.

## ھەسرەت

مەن قارايمەن ساڭا چەكسىز ئېچىنىپ،
سەن يۈرىسەن ماڭا رەنجىپ چېچىلىپ.
ئىككىمىزنىڭ خۇي - پەيلىدىن تۇغدى كۈن،
ئۇ يورۇيدۇ باغدا گۈلدەك ئېچىلىپ.

## ھايات قىسمەتلىرى

### 1

نادان دېمە، قەلبى پاكىز ئىلىمسىزنى،
ئالىم دېمە، ۋىجدانى يوق نومۇسسىزنى.

## 2

هايات چېغىڭ، ئورا كولاپ قەستلەيمەن،
ئۆلگىنىڭدە مەرسىيەمدە ئەسلەيمەن.

## 3

سۈنئىي تىلنى تۇغسا دىلنىڭ نەزمىسى،
كىرپىكلەردە قالار قاتقان قەبرىسى.

## 4

ئادىل دېگەن جىلڭ - تارازام بۇزۇلدى،
تەڭپۇڭىغا «مەن» دېگەن سۆز ئويۇلدى.

## 5

سەن دىلىڭغا پۈككەن سۆزنى ئۇ دېدى،
لېكىن روھى قارغىشىڭنى بىلمىدى.

## 6

سۆيۈشمۇ گۇناھكەن، سۆيۈلۈشمۇ ھەم،
سۆيگۈنى بىلمىگەچ تىرىك مۇردىلار.
بەزىدە ئىنسانىنى قىلار ئىكەن مەست،
شېكەردىن ياسالغان تاتلىق دورىلار.

## تۆر تالاشقان جانابقا

« تۆر » ، « پەگاھ » تالاشماي ئۆتۈپتۇ ئۆمرۈم ،
مەن سىنى باشلاپلا كۆكۈل تۆرۈمگە .
بۇگۈنچۇ ، بىرلا رەت چىقسام مۇنبەرگە ،
ئەجەبا ، سوغ تەلەت باقتىڭ كۆزۈمگە ؟

چۈشەندىم ، بىر قاراپ كۆكۈل سىرىڭنى ،
ئالدىڭدىن ئىگىلمەي ئۆتۈپ قاپتىمەن .
بۇلبۇلنى دورىغان تۇمۇچۇق ئوخشاش ،
مەنمۇ ئۆز ناخشامنى توۋلاپ ساپتىمەن .

بىل شۇنى : ئىناۋەت كەلمەيدۇ تۆردىن ،
ھەركىمنىڭ بار ، لايىق ھۆرمەت - ئىززىتى .
ئاسماندا ئەڭ ئىگىز تۇرسىمۇ يۇلتۇز ،
پەستىكى چولپاننىڭ چۈشمەس قىممىتى .

بولدى - قوي ! ئاغرىنما ، سەۋەنلىك مەندە ،
سىنىلا باشلايمەن ، ئۆيىنىڭ تۆرىگە .
« پەگاھ » تىن « تۆر » گىچە چىقىش بەك ئاسان ،
ۋە لىكىن چىقماق تەس كۆكۈل تۆرىگە .

## شۇنداق بىر دوستۇم بار ...

— بىر شائىرغا مۇشائىرە

شۇنداق بىر دوستۇم بار ، كۆلكىگە ئامراق ،
نومۇستىن ئۆلسىمۇ ، كۆلۈپ يۈرىدۇ .

بىراق دوست شادلىقى ئۇنىڭغا ماتەم ،
كۈلسە كىم ، ئىچىدە ئۆلۈپ يۈرىدۇ .

شۇنداق بىر دوستۇم بار ، شۆھرەتكە ئامراق ،
نام ـ ئەمەل كويىدا قاقشاپ يۈرىدۇ .
كىم ئۇنىڭ رايىغا باقمىسا شۇئان ،
ئۆلگۈچە كەينىدىن قاساپ يۈرىدۇ .

شۇنداق بىر دوستۇم بار ، پاراڭغا ئامراق ،
زەي سالماي يات يەردە ئېتىپ يۈرىدۇ .
ناۋادا گېپىڭگە بولمىساڭ پەخەس ،
داداڭنى ئاناڭغا چېقىپ يۈرىدۇ .

شۇنداق بىر دوستۇم بار ، گەپلىرى قايماق ،
ئاغزىدا پۇل ـ مالدىن كېچىپ يۈرىدۇ .
پەيت كېلىپ ، شۆھرەتكە لازىم بولسا پۇل ،
نە ۋىجدان ، سېنىمۇ سېتىپ يۈرىدۇ .

شۇنداق بىر دوستۇم بار ، نۇشىرۋان ئادىل ،
ئالدىڭدا ماركستەك سۆزلەپ يۈرىدۇ .
ئۆزىگە كەلگەندە ، سۇ يۇقماس ئۆردەك ،
ئۆزگىگە بىر شۇملۇق تىلەپ يۈرىدۇ .

بۇ دوستۇم ، شۇنداق دوست ، ئىسمى ھەسەتجان ،
ھەسەتتىن باشقىنى زادى بىلمەيدۇ .
ھەسەتنىڭ دورىسى يوقمىكىن دېمە ،
سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلۈپ تۈگەيدۇ .

## ئۇنئالغۇ ھەققىدە پارچە

ئۇنئالغۇغا قايىلمەن مىڭ رەت ،
ئۇن ئېلىشقا ماھىرلىقىدىن .
بىر تاۋۇشنىمۇ ئۆزگەرتمەي پەقەت ،
كۆچۈرۈشكە ھەم قادىرلىقىدىن .

مەدھىيە ئۇچۇن كۇپايە بولار ،
توختىماي چۆگىلەپ چارچىماسلىقى .
بىر سۆزۈكنى مىڭ دېسەڭمۇ تەكرار ،
زېرىكىپ سەندىن ۋايسىماسلىقى .

بىراق ئۇنىڭمۇ بار كەن ھەسرىتى ،
يېگى بىر ھۈنەر چىققانلىقىدىن .
ئادەملەر ئۆزى بولۇپ ئۇنئالغۇ ،
مىتالنى پاخال قىلغانلىقىدىن .

دېدىم ئىچىمدە : ئەمدى نە ئامال ؟
ئادەم ئۇنئالغۇ رولىنى ئالسا .
تۆمۈر - تەسەككە چۈشەمدۇ ھاجەت ،
تىل بىلەن قۇلاق كونۇپكا تۇرسا .

## يوقالغان تۇيغۇ

كۆزلىرىڭدىن ئىزدىدىم دوستلۇق ،
سۆزلىرىڭدىن ئىزدىدىم دوستلۇق .

ئىزدەشلىرىم كەتتى بىكارغا ،
بىلىندى بۇ ھال مەن ئۈچۈن خورلۇق .

مەن كۆزۈڭدىن ئىزدىگەن يالقۇن ،
چاقماق كەبى كەتتى يوقىلىپ .
مەن تىلىڭدىن ئىزدىگەن چىنلىق ،
گۈل بەرگىدەك كەتتى تۆكۈلۈپ .

ئويلىدىممەن : دوستلۇق تۇيغۇسى ،
تۇغۇلغانمۇ بىز بىلەن كۈلۈپ ؟ !
گۈل ياشلىقتا ۋايىغا يېتىپ ،
بۈگۈن بىردىن كەتكەنمۇ ئۆلۈپ ؟

بىلدىمكى بۈگۈن ئۆلگەن شۇ تۇيغۇ ،
قاپتىكەن بىزنىڭ گۆدەك كۈنلەردە .
ئۇرۇشۇپ تاڭدا ، كەچتە دوستلاشقان ،
ھەسەت ، نىزادىن خالى كۆزلەردە .

## پىيەنچۈكلەرگە

مەست دېسۇنمۇ ، پەس دېسۇنمۇ ئەل سېنى ،
ھەي ھاراقكەش ، ئېيتقىنا ، نامىڭغا ۋاي .

سەن ئەمەسمۇ بىر يۇتۇم مەينىڭ قۇلى ،
قەددى يوق خەستەك خاراب ھالىڭغا ۋاي .

كۆرمىدىم سەندە ئەدەب ـ ئەخلاقنى مەن ،
بى غۇرۇر ، ۋىجدان ، نومۇس ـ ئارىڭغا ۋاي .

مەي دىدىلىڭ ئىچتىلىڭ شارابىنى سۇكەبى ،
چىلىڭ ئىكەنسەن ، چىقمىغان جانىڭغا ۋاي .

يوقمۇ سەندە ئۆي ـ ماكان ياكى بالا ،
سىنى ساق كۆرمەس يۇرەك پارىڭغا ۋاي .

سەن ئۇچۇن غەمسىز خۇشال ئۆتمەس كۈنى ،
قىلمىشىڭدىن باغرى قان يارىڭغا ۋاي .

كۈندە كۆرسەم ، تۇرغىنىڭ پوكەي قىشى ،
شۇنچە ئىچسەڭ تۈشمىغان قارىڭغا ۋاي .

زار ئىكەنسەن بىر تىيىنگە بەزىدە ،
ياتقا يالۋۇرغان زەئىپ زارىڭغا ۋاي .

ئەل ساڭا قىلسا نەسىھەت ، بىلمىدىڭ ،
شۇ سەۋەب بولدۇڭ ساياق ، دادىڭغا ۋاي .

ئەمدى ئويلان ، كۈندە جان ئاچماس چېچەك ،
يات ، رەقىبلەر دىمىسۇن زاتىڭغا ۋاي .

## چىرىكلەر تەختى ۋەيراندۇر

چىرىكلىك مىسلى ئاپەتتۇر ، ئۇ يۇققان ئەلدە بەرىكەت يوق ،
چىرىكلىك شۇم قاباھەت ئىش ، ئۇنىڭدىن ئەلگە نۇسرەت يوق ،
چىرىكلىك بەتنىيەت شەيتان ، ئۇنىڭدىن ئەلگە شەپقەت يوق ،

چىركىنلىكنىڭ تېگى زىندان ، ئۆلۈمدىن ئۆزگە قىسمەت يوق ،
چىركىنلىكتىن روناق تاپقان جاھاندا تاجۇ دۆلەت يوق .

نەزەر سالسام قەدىم تارىخ بېتىگە ، بىھېساب ئىنسان
ئۆتۈپتۇ بۇ جاھان ئىچرە گادايى ياكى بولۇپ سۇلتان ،
ئادالەت پەزلىدىن گۈللەپ ، روناق تاپسا زېمىن ـ ئاسمان ،
تۈگەپتۇ زەر قەسىر ـ تەختلەر زاۋاللىقتىن بولۇپ گۇمران ،
چىركىنلەر تەختى ۋەيراندۇر ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېكمەت يوق .

كىشىگە كەلگۈسى ئامەت ، گۈزەل ئەخلاق دىيانەتتىن ،
كىشىگە كەلگۈسى ئاپەت يېتىم ھەققى خىيانەتتىن ،
تۈگەر ئىززەت ، غۇرۇر ، ۋىجدان قەبىھ قىلمىش جىنايەتتىن ،
قۇتۇلماس بولسا ئۇ نەدە ئۆمۈرلۈك چوڭ پالاكەتتىن ،
ھايالىق ئەرگە ئەل ئىچرە ئۇنىڭدىن ئەسكى ئىللەت يوق .

قاچار ئىنسان نىجاسەتتىن ھىدى قاڭسىق پۇراپ كەتسە ،
« ئەجەب ئوبدان بولۇپتۇ » دەر ، كىيىلىپ بىر سى كۆمۈۋەتسە ،
ئەمەسمۇ سەت ، تۇرۇپ ئىنسان نىجاسەتتەك چىرىپ كەتسە ،
چىرىپ كەتكەن گۇناھ ئازدەك قۇرت ئوخشاش چۆمۈپ كەتسە ،
چىركىنلەر جايى دوزاختۇر ، ئۇلاردىن ئەھلى جەننەت يوق .

ئەمەل بەردى ، ھوقۇق بەردى ئۇلارغا خەلق قىلىپ تازىم ،
دېدى : باشىمغا كۆن چۈشسە يۆلەكچىم ھەمدە غەمخانىم ،
دېدى : سەنسىز چېچەك ئاچماس بۇ ئەلدە غايە ـ ئارمانىم ،
نىتەي ئەمدى قۇرۇپ كەتسە قولۇڭدا ئارزۇ بوستانىم ،
خەلققە بى ۋاپا ، تۇزكور كىشىدە زەررە ھىممەت يوق .

نەزەردىن چۈشكۈسى ھەركىم ، بۇ تويماس گال بالاسىدىن ،
غۇرۇر ، ۋىجداننى تەرك ئەتكەنئەمەل ـ شۆھرەت تەمەسىدىن ،
كىشى كۆكلەيدۇ ئەل مېھرى ، غېرىبلارنىڭ دۇئاسىدىن ،
قۇرۇپ كەتكەي تېنى قاقتەك ئاۋامنىڭ دىل ياراسىدىن ،
شاراب ئورنىدا ياش ئىچكەن مۇناپىقلارغا ئۆلپەت يوق .

ئىغىزدا مىڭ چىرايلىق سۆز : « خەلق بىزگە ئاتا » دەيدۇ ،
« ئىشىغا بىز ھامان تەييار ، ساداقەتمەن چاكار » دەيدۇ ،
شەرەپ كەلسە ، بەخت كەلسە « تۆمەن يىللار ياشا » دەيدۇ ،
ئامال تاپسا ئېلىپ يەپلا ئۇنى « تەنگە داۋا » دەيدۇ ،
چاكارنىڭ جىسمىدا ، بىلسەڭ ، ئۇنىڭدەك پەس پەزىلەت يوق .

ئىچىپ غەپلەت شارابىنى ئەقلىدىن ئاينىغان مەستتەك ،
بۇزۇپ چاچقاي قۇرۇپ بەزمە « كۆتۈش »لەرنى قىلىپ دەستەك ،
ئېشەك مىنسە ئاۋام ، پەردە قىلىپ ھېس ئورنىنى پەستەك ،
ئېسىل پىكاپقا چىققاندا ئاۋام ـ ئەلنى كۆرەر خەستەك ،
قۇرۇق سۆلەت ، ھەشىمەتتىن كىشىگە قىلچە ھۆرمەت يوق .

ئادالەت قامۇسى قانۇن يېتىپ كەلگەندىمۇ قولغا ،
ئاداشقاي پەيلى شەيتاندىن ، مېڭىپ كەلمەس تۈيۈق يولغا ،
ئاۋام كۆتكەن پرىنسىپنى تېگىشكەچ پۇل بىلەن مالغا ،
تۆگەپ باتۇرلۇقى بىردىن كى ئايلانغاي گويا قۇلغا ،
تىلى باغلاقتىكى قۇلدا ھەقنىقي سۆزگە جۈرئەت يوق .

تەمەخورلۇق ۋابا يەڭلىغ ، يېقىنلاشساڭ يۇقار سەللا ،
پېچەتلەنگەي « پارا » ئاتلىق قۇلۇپ بىرلە تىلىڭ تېزلا ،

يوقالسا ئادىمىي خىسلەت ، ئىماندىن فىسەبىلىللا ،
ھەقىقەت بىر تىيىن بولغاي ، قۇرۇق گەپ نەرخى مىڭ تىللا ،
تەمەخورنى دېمە ئىنسان ، ئۇنىڭ ئۆمرىدە قىممەت يوق .

نادانلىقتىن بىشارەتتۇر زىمىستان پەسلىنى ئۇنتۇش ،
زاۋاللىقتىن بىشارەتتۇر ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇش ،
نەسىللەرگە خىيانەتتۇر ئۆزىنىڭ نەسلىنى ئۇنتۇش ،
ئەمەلدارغا جىنايەتتۇر ئۆزىنىڭ خەلقىنى ئۇنتۇش ،
ۋەتەن پەرزەنتىگە ، بىلسەڭ ، بۇنىڭدىن كاتتا نەپرەت يوق .

ياشاپتۇ كىم ۋاپادار ، پاك ، بېشىغا قۇت قۇشى قونغاي ،
گويا شاھى جاھاندەك ئېھتىرام ، ئامەتكە يار بولغاي ،
ئۆلۈپ كەتسە ، قەبرىگاھى ھەمىشە گۈل بىلەن تولغاي ،
پۈتۈن ئەل نۇشىرۋان ئادىل كەبى نامىنى ياد قىلغاي ،
مۇقەددەس بۇ شەرەپلىك نام ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە شۆھرەت يوق .

1988 ـ ، 1995 ـ يىللار ، قەشقەر .



# ھىجران پۇتۇكلىرى

## ھىجران كۈيى

چارەك ئەسىر ئۆتتى ھايات جۇدالىقتا ،
سەن ئۇياقتا ،
مەن بۇياقتا كۆرۈشەلمەي .
تاڭ ساباسى يەتكۈزسىمۇ ناخشىمىزنى ،
« مەن ھاياتمەن ، سەن ئامانمۇ ؟ » دېيىشەلمەي .

ئۆتتى شۇنداق ھىجران بىلەن ئۇچقۇر يىللار ،
كۆزدىن ئاققان تۇمەن ياشلار قۇرۇپ كەتتى .
ئىككىمىز تەڭ تىكىپ قويغان « يارنىڭ گۈلى » ،
نەچچە كۆكلەپ ، ئېچىلماستىن توزۇپ كەتتى .

بىراق ، ياشلىق چاغلاردا شۇ ئېيتقان ناخشا ،
يۈرەكلەردە نەقىش بولۇپ ئۆچمەيدىكەن .
شۇ چاغدىكى گۈزەل سىما ، خۇشال كۈلكە ،
خاتىرەڭدىن مىنۇت نېرى كەتمەيدىكەن .

ئەسكە ئالدىم بۈگۈن يەنە ناخشاڭ بىلەن
شۇ سۆيۈملۈك گۈزەل ياشلىق چېغىمىزنى .
دوڭغاق سۆگەت شاخلىرىدا ئويناپ - كۈلۈپ ،
گۈللەر تېرىپ سەيلە قىلغان بېغىمىزنى .

ياڭراق ئىدى ئۈنۈڭ ئەجەب شۇ چاغلاردا ،
ناخشاڭ بىلەن سېھىرلىنىپ ياشىغانتىم .
« خوش » دېيىشكە تىلىم كەلمەي ئايرىلغاندا ،
ئالدىڭدىلا كۆزلىرىمنى ياشلىغانتىم .

بولدى ئەمدى ،
ئۆتكەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى ،
ھاياتلىقىڭ ــ ئامانلىقىڭ ماڭا ئەۋزەل .
شېئىر يازدىم خەت ئورنىدا قوبۇل كۆرگىن ،
يادلاپ سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيگەن گۈزەل .

## ۋىسال ئارزۇسى

كۆز ئالدىمدا تۇرار ھامان ياشلىق سىياقىڭ ،
ئىشەنمەيمەن گۈل ھۆسنىڭنىڭ ئۆزگەرگىنىگە .
خىيالىمدا ئىشقىڭ گويا ئۆچمىگەن يالقۇن ،
چىداپ بولماس بەلكى ئۇنىڭ ئۆرتەشلىرىگە .

بىلسەڭ ، بۈگۈن بىرلا ئارزۇ ھۆكۈمران مەندە :
كەلسە پۇرسەت ۋىسالىڭنى قايتا بىر كۆرسەم .
ياشلىق چېغىم ، مېنى ساڭا شەيدا ئەيلىگەن ،
نازۇك ، يۇمران قوللىرىڭنى كۆزۈمگە سۈرسەم .

شېرىن چۈشتەك شامۇ سەھەر ئاشۇ بىر تۇيغۇ
باشلاپ كېتەر مېنى ، تېخى ئۇچرىشار كۈنگە .
ۋىسال پەيتى كۆز ئالدىمدا بولۇر نامايان ،
ھاياجاندا تىلىم كەلمەي ياخشىراق سۆزگە .

مەيلى كۈلۈپ ، مەيلى يىغلاپ كۆرۈشەيلى بىز ،
كۆرۈشمەكنىڭ ئۆزى بەخت ، دىدار غەنىمەت .
ۋىسال تاپسا ، نېمە ئارمان دۇنيادا بىر رەت ،
غۇنچە پەسلى نابۇت بولغان مىسكىن مۇھەببەت .

كەل ئامرىقىم ، مىڭ كۆز بىلەن قاراي يولۇڭغا ،
ئۆزۈڭ ئۆسكەن ئانا يۇرت بۇ ، ياشلىق چېغىڭدا .
سەن ئەزىزىم مېھمان ئەمەس ، ئۆلمەيدۇ سۆيگۈم ،
مەيلى ئوغلۇڭ ، مەيلى نەۋرەڭ بولسۇن قېشىڭدا .

## مۇھەببىتىم ئەمەس سىرلىق تېپىشماق

مۇھەببىتىم تۈندە كۆرگەن چۈش ئەمەس ،
كۆز ئاچقۇچە ئەستىن چىقىپ كەتكىلى .
مۇھەببىتىم ئەمەس سىرلىق تېپىشماق ،
ھەركىم ئۆزى خالىغانچە يەشكىلى .

مۇھەببىتىم يىغلاپ كۆيگەن شام ئەمەس ،
« غىل - پال » قىلىپ بىردەمدىلا ئۆچكىلى .
مۇھەببىتىم قىياس ئەمەس يۇلتۇزغا ،
بىر ساقىيلا كۆكتىن يەرگە كۆچكىلى .

مۇھەببىتىم بېغىمدىكى ئەمەس گۈل ،
ياشناپ باھار ، كۈزدە غازاڭ تۆككىلى .
مۇھەببىتىم ئەمەس ھەييار كېپىنەك ،
ھەممىگە تەڭ قونۇپ شۇئان يىتكىلى .

*　　　*

مۇھەببىتىم مەن بىلەن تەڭ تۇرەلگەن ،
تەڭ تۇغۇلغان مەڭگۇ ماڭا قوشكېزەك .
ھايات ئىشقى بەرمىگەندە تەنگە جان ،
بولماس ئىدىم ، بوگۈنكىدەك ئوت يۈرەك .

مۇھەببىتىم — ئىلاھ كەبى مۇقەددەس ،
ياشايدۇ ئۇ ، دىل تۆرىمدە بىغۇبار .
مۇھەببىتىم ئىمانىمدەك مۇكەممەل ،
زىكرى قىلسام سۆزلىرىمگە تىلتۇمار .

مۇھەببىتىم مەندىكى چىن ئەقىدە ،
ئەقىدەم بار ، سۆيگۈم ھايات ، مەن ھايات .
مۇھەببىتىم شۇ ھاياتىنىڭ پەرۋازى ،
ئۆلمەس كۆڭۈل قۇشلىرىمغا جۈپ قانات .

مۇھەببىتىم ئۆلمەي شۇڭا ياشايدۇ ،
ئەقىدەمدە ،
ئىخلاسىمدا
دىلىمدا .
پاك سۆيگۈنى يىل ، ئەسىرلەر كۆمەلمەس ،
يارنىڭ نامى ئۆلمەس ئەسلا تىلىمدا .

## بىر گۈزەلگە ئىلتىجا

كۆزلىرىڭدە كۆزلىرىمنىڭ ئەكسى بار ،
ھەر كۆزۈڭدە مىڭ باھارنىڭ پەسلى بار .

ئاتەشمىكىن ـ يالقۇنمىكىن ئۇچقۇنى ،
ھەر قاراشتا مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى بار .

ئاجىز ئىدىم ، ئەسلى ئوتقا چىدالماس ،
بىھوش قىلدى ، گۈل لېۋىڭنىڭ كۈلكىسى .
ئازماس ئىدىم ، ئۆز يولۇمدىن ئاداشتىم ،
مەجنۇن قىلدى قاشلىرىڭنىڭ جىلۋىسى .

يامان يېرى : چەتتىن تۇرۇپ قارايسەن ،
ئۇدۇل كەلسەم ، يانغا قېچىپ مارايسەن ،
يا گېپىڭ يوق ، يا ئۇنىڭ يوق بىر قېتىم ،
ئېيتقىن گۈزەل ، مەندىن نېمە سورايسەن ؟

بولدى ، قويغىن !
يېتەر ماڭا كۆزلىرىڭ !
ئۆز تورىڭغا چىرماپ گاراڭ قىلمىغىن .
كەتسەم قاراپ ، كەلسەم قېچىپ تولكىدەك ،
قېرىغاندا ئالداپ ساراڭ قىلمىغىن .

## قايتىپ كەلدى ياشلىقىم

ياشلىق ئۆتەر گويا چاقماق چاققاندەك ،
لېكىن ئىنسان ئۆلمەس يەنە ئەجەلسىز .
تەنگە ھايات بەخش ئېتەر يۈرىكى ،
سوقۇپ تۇرسا كۆكرىكىدە تىنىمسىز .

شۇ يۈرەكتە ـ ئاشۇ تەندە ھۆكۈمران
ياشلىق ئاڭا بېرىپ كەتكەن مۇھەببەت .

مۇھەببەتتىن ياشنار يۈرەك قىرىماي ،
ئۆلسە ئىنسان ، ئۆلەر بەلكى ئۇ پەقەت .

مەنمۇ ئادەم ، ئەستە تۇتقىن نىگارىم ،
يۈرىكىدە مۇھەببىتى ئۆلمىگەن .
تۆكۈلسىمۇ ياشلىق گۈلى ۋاقىتسىز ،
دىل بېغىدىن سۆيگۈ ئىزدەپ كەتمىگەن .

بۈگۈن ساڭا ئېيتاي يۈرەك سىرىمنى ،
ئىشقىڭ بىلەن قايتىپ كەلدى ياشلىقىم .
كېلىپ تۇرغىن سۆيمىسەڭمۇ قېشىمغا ،
يوقتۇر ئەمدى سەندىن ئۆزگە شادلىقىم .

## ۋىسال

دىل تارىمنى چەكتى تىترىتىپ ،
تۇنجى ئۇرغان ۋىسال زەخمىكىڭ .
دىل خانەمگە بولدى ھۆكۈمران ،
چۈشتەك شېرىن ۋىسال ، ھەسرىتىڭ .

چۈشتەك شېرىن ۋىسال ، ھەسرىتىڭ ،
بولدى ئەمدى بېشىمغا بالا .
بالا بولسىغۇ مەيلىتى ، بىراق ،
قىلدى نازۇك دىلىمنى يارا .

قىلدى نازۇك دىلىمنى يارا ،
يارىغا مەلھەم پاك سۆيگۈ - ۋاپا .

ئۆزۈڭ تىغ سالغان ئاشۇ يارىغا
دورىگەر بولۇپ تاپ ئۆزۈڭ داۋا .

## سۆيگۈ

ھاياتىم نېمە ، ياشلىق چېغىمچۇ ؟
بىلمىدىم بىردىن ئۆزگەردى قىسمەت .
قىسمەتكە سەۋەب بولدى تۈنجى رەت ،
سەن ماڭا تۇتقان مەي بىلەن شەربەت .

سەن ماڭا سۇنغان مەي بىلەن شەربەت ،
مەست قىلدى مېنى ئايلاندى بېشىم .
بەختىمدىن بەزى كۈلدۈم قانغۇچە ،
ھىجراندا بەزى تۆكۈلدى يېشىم .

ھىجراندا بەزى تۆكۈلدى يېشىم ،
لېكىن مەستلىكىم كەتمىدى تاراپ .
ئۆتتۈم شۇندىمۇ بەخت ئىلكىدە ،
مەجنۇن كۆزىدە لەيلىگە قاراپ .

## يىغلىما

### 1

يىغلاپ تۇرۇپ تۇغۇلغان بوۋاق ،
يېتەر يىغاڭ ، ئەمدى يىغلىما !

كۆز يېشىڭدىن بىزاردۇر ئالەم ،
يۈرەكلەرنى يەنە تىلغىما !

يىغلاش ساڭا بولسىمۇ ئۇدۇم ،
ئانىڭ باغرى زېدە بولمىسۇن .
تېخى مۈشكۈل سەپەر ئالدىڭدا ،
كۆز گۆھىرىڭ قۇرۇپ قالمىسۇن !

## 2

يار ئىشقىدا سەرسانە يىگىت ،
يېتەر نالەڭ ، ئەمدى زارلىما .
گىتارىڭدا ئەجەلنىڭ ھىدى ،
يىغلاپ تۇرۇپ ناخشا باشلىما .

زاكىمىزدىن تەگكەن كېسەلمۇ ،
نەگە بارساق يىغلاپ ياش تۆكۈش ؟
ئۆلسەكمۇ تەڭ كۈلۈپ ئۆلەيلى ،
بىزگىمۇ نېسىپ بولسۇن بىر كۈلۈش .

## 3

غەم ـ قايغۇدا مۈكچەيگەن بوۋاي ،
ئۆتمۈشىڭنى ئەمدى ئويلىما .
پەرزەنتلەرنىڭ غېمىدە يىغلاپ ،
مۇڭ ـ ھەسرەتتە كۆزنى ياشلىما .

هايات گۈزەل ، دۇنيا بىۋاپا ،
شادلىقتىن كۆرە ، كۆپتۇر غەم هامان .
چۈنكى ، دەسلەپ تۆرەلگەن چاغدا ،
غەم سۈيىدە يۇيۇنغان ئىنسان ...

4

بىز تۇغۇلدۇق دۇنياغا بىر رەت ،
شۇ تۈپەيلى بۇ هايات قىممەت .
كۆزى ياشقا كەلمەيدۇ نۇسرەت ،
غەم - قايغۇسىز بۇ جاهان جەننەت .

جەننەت ئۇچۇن باغلاپ ئەقىدە ،
يولى كەلسە كىچەيلى جاندىن .
بەخت - ئامەت تۇغۇلار شەكسىز ،
پاك زېمىنغا تۆككەن تەر - قاندىن .

1989 - ، 1995 - يىللار ، قەشقەر .



# دوستلارغا تىلەك

## ئەللىك يېشىڭ مۇبارەك

( مۇۋەششەھ )

ھاياتلىق مەنزىلىمدە سەن بولۇپ كەلدىڭ ماڭا يولداش ،
ئۇزاق مۇشكۈل سەپەرلەردە بولۇپ ھەمدەم ، يەنە قولداش .

ئانا يۇرت ئىشقىنىڭ رىشتى ئۆزىگە باغلىدى بىزنى ،
سىنالدۇق نى داۋانلاردا جاپالارغا بېرىپ بەرداش .

جاھان سەۋداسىدىن خالى بىغەم يۈرگەن سەبىيلىكتە ،
تونۇشتۇق چىن ئىجاد ئىشقى تۇپەيلى بىز بولۇپ قۇرداش .

ئىلىم ـ ھېكمەت گۈلىستانى ئانا مېھرىدە پەرۋىشلەپ ،
ئېچىلدۇردى گۈزەل غايە گۈلىنى ئۆزئارا رەڭداش .

ئەنە ، ئەللىك باھار ئۆتتى يۇمۇپلا ئاچقۇچە كۆزنى ،
جاپا ـ راھەتنە بىر قەرنە بولۇپتۇق ئىككىمىز سەپداش .

خىجالەت تارتقۇدەك زەررە نىزانى بىلمىدۇق بىر كۈن ،
ساداقەت تەختىگە سۇلتان بولۇپ كەلدى پەقەت قوللاش .

مىزان بولدى بۇ دوستلۇققا ۋەتەن ، مىللەت غېمى ھەرئان ،
شۇ ئىش بىزنى ئىجىل قىلدى ھەمىشە يەك نىيەت دىلداش .

ئەدەب - ئەخلاق، پەزىلەتتە يۈرەكنى تۈتمىدۇق پىنھان،
بولۇپ كەلدۇق جىمى ئىشتا ھەقنىقي جان جىگەر سىرداش.

تىلەكلەر كۆپ، تىلەپ كەلسەم يېشىڭ ئەللىككە يەتكەندە،
مىاڭا شادلىق بەخش ئەتكەي سېنى بۇ كۈن بىلەن قۇتلاش.

## يەر تەۋرىدى، ئەل تەۋرىدى

— ئۈدا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان پەيزاۋات خەلقىگە بېغىشلايمەن

ئۆي - ھويلىلار ئۆرۈلدى زەپ زىمىستان پەسلى،
قوشۇلدى دەرد ئۈستىگە دەرد جان قىرىندىشىم.
ماتىمىڭگە ماتەم تۇتۇپ ئېگىلدى بېشىم،
كۆز يېشىڭغا يىرتىپ ياقا تۆكۈلدى يېشىم،
ساڭا كەلگەن بەختسىزلىك بىزگىمۇ ئازاب،
چىدالمىدىم ئاھ - زارىڭنى كۆرۈپ بۇ قېتىم.

ئاپەت كەلسە، ساڭا شۇنداق قوشلاپ كېلەمدۇ؟
ھەر قەدەمدە بىر پالاكەت ئۇچراپ كېلەمدۇ؟
تاغدەك جاپا - مۇشەققەتنىڭ تۇرۇپ بېشىڭدا،
تەپكەن تېپىك ئاز كەلگەندەك مۇشتلاپ كېلەمدۇ؟
ئەسلىدىنلا قولى قىسقا،
ئىدىڭ ناتىۋان،
ئامەت قۇشى قونۇپ قويماي يانداپ كېتەمدۇ؟

يەر تەۋرىدى،
ئەل تەۋرىدى،
يېدۇق غېمىڭنى،

كۆرۈپ ھەر كۈن تېلېۋىزوردا ، تۆككەن يېشىڭنى ،
قېرىنداشلىق مېھرى شۇنداق چوڭ ئىكەن بىلسەك ،
كۆزىمىزدىن ئۇيقۇ قاچتى ئويلاپ ئۆزۈڭنى .
چىدالامدۇ يۈرەك دېگەن بولماستىن پارە ،
ئۆيۈڭ ۋەيران ، دىلىڭ غەمناك كۆرسەك يۈزۈڭنى .

قىسمەت شۇنداق تەتۈر ئىكەن ، كاچ كەلدى پەلەك ،
زېمىن ئەمەس ئالەم كۆيۈپ ئۆرتەندى يۈرەك ،
سەن ئۇ يەردە جاپا چېكىپ قىلساڭ نالە ـ زار ،
بىز بۇ يەردە تۇرالامدۇق بولماي يار ـ يۆلەك ،
چۈنكى سەن ـ بىز بىر پىلەكتە ئاينىغان خەمەك ،
بىزگە يوقتۇر قايغۇ ـ شادلىق سېنىڭدىن بۆلەك .

نى ـ نى ئاپەت ، قىسمەتلەرنى كۆرگەن خەلق بىز ،
نى ـ نى جاپا ـ مۈشكۈللەرنى يەڭگەن خەلق بىز ،
ئەجدادلارنىڭ خىسلىتىنى ئۇنتۇما زىنھار ،
بىرى ئۆلسە ، مىڭى كۆكلەپ ئۆتكەن خەلق بىز .
ئۆتۈپ كېتەر بۇ كۈنلەرمۇ ، بېرەيلى بەرداش ،
چىداملىقتا جىسمى گاڭدىن پۈتكەن خەلق بىز .

ئەرنىڭ غېمى بولۇر ئەلدە ، يېتىم ئەمەس سەن ،
نىجاتكارىڭ بار قېشىڭدا ، يالغۇز ئەمەس سەن .
ئەل ھىممىتى ، خەلق كۆڭلى ساڭا مەدەتكار ،
ھەممىمىز ئۆز ، قان ـ قېرىنداش يارسىز ئەمەس سەن ،
ئۈمىد بىلەن ياشناپ ئىنسان ، گۈللەيدۇ ھايات ،
مېھنىتىڭدىن ئالەم بىنا ، ئاجىز ئەمەس سەن .

*　　　　*

ساڭا خالىس قول سۇنار مەرد ئوغلانلىرىڭ بار ،
ئىشلىرىڭغا دائىم تەييار پالۋانلىرىڭ بار .
پۇل تاپقاندا ، ئەل - يۇرتىنى ئۇنتۇمايدىغان ،
ئىلىم سۆيەر ، مىللەت سۆيەر چولپانلىرىڭ بار .
ئىشەن خەلقىم ،
غەلىبە - نۇسرەت بولار ساڭا يار ،
تارىخىڭدا ئىپتىخارلىق داستانلىرىڭ بار .

1997 - يىل ، 2 - ئاي .

# ئاسمان لىرىكىلىرى

## ئاسمانغا قاراپ ...

1

لىرىكامنى يېزىپ قويدۇم ئاسمانغا ،
بەردى ئىلھام ئۇنبەش كۈنلۈك پەرىزات .
يۇلتۇزلارنى چېكىت قىلدىم قۇرلارغا ،
بولدى قەغەز سامان يولى ، كائىنات .

2

قۇياش ئۇخلاپ مادارىدىن كەتكەنمۇ ،
چىقار ھەر تاڭ تاغ باغرىدىن ئۆملەپ .
يېپى نەدە ئىلىپ قويغان چوققىغا ،
كەتمەيدىكەن رەڭلىك شاردەك ئېتىلىپ .

3

بولۇت نېچۈن قىزىرىدۇ چوغلىنىپ ،
كۆتۈرۈلسە قۇياش ئۇپۇق لېۋىدىن ؟
شادلىقمۇ ياكى ھىجران قايغۇسى ،
يېشى ئاقار نېچۈن قارا كۆزىدىن ؟

**4**

ياغلىقىمۇ چەكسىز كەتكەن زېمىنىنىڭ
رۇخسارىنى توسۇپ تۇرغان تۇمانلار ؟
ئېلىپ قاچتى قۇياش چىراي ئاچقۇچە ،
كۆندەشلىكى تۇتقان بەگباش شامالار .

**5**

تۈنىنىڭ قارا پەردىسى
رومالىمدۇ قۇياشقا ؟
چىقىپ قاپتۇ يۇلتۇزلار ،
يەتمىگەنمۇ ئوراشقا ؟

**6**

كەتتى بۇلبۇل تاڭ يورۇپ ،
قالدى گۈلنىڭ مەگزى ياش .
كۆن لېۋىدىن سۆيگەندە ،
بولۇپ قالدى سىرى پاش .

**7**

يىغلىشىدا نېمە سىر بار بۇلۇتنىڭ ،
كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ئاقار ياش ؟
گۈلدۈرماما چاقمىقىنى چاققاندا ،
تەگكەنمىكىن يا كۆزىگە پارچە تاش .

## 8

كەڭ سامانىڭ تېشى يوقمۇ ، بىلمىدىم ،
چۈشتى يەرگە ئاپئاق ئامۇت چېچىكى .
نە چېچەك ئۇ ، ئۇچقان سانسىز كېپىنەك ،
قىلدى تارلىق كەڭ زېمىننىڭ ئېتىكى .

## 9

بوران ئوغلى چىقتى بۈگۈن ئاسمانغا ،
تەتۈر قۇيۇن بولدى ئۇنىڭ شوتىسى .
— تىنىك تۇرغۇزغان سېنى يۆلەپ قايسى كۈچ ؟
دېدى قۇيۇن : — بۇ زېمىننىڭ توپىسى .

## يېڭى يىلغا بېغىشلىما

( بالىلار ئۈچۈن )

« بىر » نى يىللار سايلىغانمۇ شاھ قىلىپ ؛
« توققۇز » غىمۇ تەگمەيدىكەن ھېچ كىشى .
بۈگۈن « سەككىز » ئالمىشىپتۇ « توققۇز » غا ،
قاپتۇ « نۆل » نىڭ پەقەت بىرلا سىردىشى .

« نۆل » نى قويدۇق ئىككى « توققۇز » كەينىگە ،
كۆز ئاچقۇچە ئۇمۇ بىرگە ئايلىنار .
كۈتۈپ تۇرساق بىردىن يەنە توققۇزنى ،
« ئىككى » نىڭمۇ شاھلىق دەۋرى باشلىنار .

مەيلى « ئىككى » شاھ تەختىگە ئولتۇرسۇن ،
ئون يىلدا بىر ۋەزىرلىرى ئالمىشار .
ئىنسانلارمۇ شۇ يىللارنىڭ قوينىدىن
كامال تېپىپ ، ئۆز بەختىدىن شادلىنار .

« بىر »نىڭ كۈنى قالدى ئازلا كېتىشكە ،
« ئىككى » دىنمۇ كۆكرەك كېرىپ ئاتلايمىز .
نەۋرىمىز بار قىلالمىغان ئىشلارغا ،
كەلسە پۇرسەت ، بىرنى ئىككى قاتلايمىز .

## تەبىئەتنىڭ ئۆز خىسلىتى قەدىرلىك

باقسام ، بۈگۈن كەڭ تەبىئەت دۇنياسىغا ،
ئالتۇن كۈزنىڭ رۇخسارىدىن قالماپتۇ ئەسەر .
دەل - دەرەخلەر شاخلىرىدىن تۆكۈپتۇ ياپراق ،
گۈل - گىياھمۇ بويۇن قىسىپ قاپتۇ شۇ قەدەر .

باقسام ، باھار زۇمرەت كەبى چاقنىغان كۆكتە ،
قاپلىۋاپتۇ ھەممە جاينى كۈمۈشرەڭ تۇمان .
باغلاردىكى رەڭدار گۈللەر كۆچۈپتۇ ئۆيگە ،
ھەر دېرىزە كۆزنەكلىرى خۇددى بىر ئورمان .

چوغدەك قىزىل نۇرلۇق قۇياش كۆچكەنمۇ تاغدىن ،
ئاندا - ساندا چىقىپ قالار دەريا لېۋىدىن .
يوقالغانمۇ يۈز يۇغىچە شەپەق روملى ،
ئالدىرايدۇ خىجىلمىكىن ياكى زېمىندىن ؟

كۆز ئاچقۇچە ياندىپ قىچىپ يېتىپ مەنزىلگە ،
ئورۇن بېرەر ئۇخلاپ ئۇزاق يېڭى بىر تاڭغا .
بىلىق قارنى سۇبھى يورۇپ باشلانغان ھايات ،
يۈكسەك ئۈمىد ، كۈچ بېغىشلار ئۆلمىگەن جانغا .

تەبىئەتنىڭ بۇ خىسلىتى قەدىرلىك خىسلەت ،
ئۆزگەرتەلمەس ئۇنى ھېچ كۈچ مەڭگۈگە زىنھار .
تۈن قوينىدىن گۈزەل تاڭنى تۇغقان تەبىئەت ،
قىشنى قوغلاپ ، ئېلىپ كېلەر يەنە گۈلباھار .

## قۇياش تۇغقان خىياللار

ئاچتى چىراي سۇبھى يورۇپ قۇياش مەلىكە ،
تۈن پەرىسى بولدى غايىب كۆزىنى يۇمۇپ .
جىلۋىلەندى قان رەڭگىدە ئاقباش قىيا تاغ ،
كۆكنى سۆيگەن بەستى بىلەن قۇياشنى يۈدۈپ .

قارارگاھى نەدە ئۇنىڭ ، مەنزىل كۆرۈنمەس ،
ئۆتەر ھەر كۈن ئۆز يولىدا زېمىننى سۆيۈپ .
تاغ - قىيالار ياستۇقىدۇ ئۇخلىسا كەچتە ،
يانار ئىكەن ئاق بۇلۇتلار ئوتقاشتەك كۆيۈپ .

كۆيدۈرۈشنى ، سۆيدۈرۈشنى بىلگەن شۇ قۇياش ،
توختامدىكىن ھارارىتى ئۆچكەندە سوۋۇپ .
زېمىن ئىشقى يوقمۇ ئۇنىڭ ئاتەش قەلبىدە ،
نېچۈن گۈلگۈن بۇ دىياردا قالمايدۇ قونۇپ .

## قار سىزغان رەسىم

گۈل بەرگىدىن تۇزۇغاندەك ئاق ئەتىرگۈل ،
چۈشەر لەرزان قار ئۇچقۇنى كەڭ سامادىن .
چەكسىز زېمىن ياتار شېرىن ئۇيقۇدا مەست ،
سېھىرلەنگەن جانان كەبى ساپ ھاۋادىن .

سۈكۈت باسقان كائىناتنى ، يوقتۇر شامال ،
دەل - دەرەخلەر ئاق شايىدىن كىيگەن لىباس .
قىراۋ باسقان ھەر دېرىزە بىر مۆجىزە ،
باھار پەسلى ياشنىغان باغ ، گۈلگە قىياس .

دالا جىمجىت ، تاغلار جىمجىت ،
باغلار جىمجىت ،
كۆلرەڭ تۇمان لېچەك ئارتقان ئورمانلارغا .
يازدا ئوقچۇپ ئاققان زىلال شوخ ئېقىنلار ،
قاشتېشىدەك كۆۋرۈك سالغان دەريالارغا .

بەلگە بېرەر يېڭى تاڭدىن ئۇپۇق لېۋى ،
خوراز چىللاپ تۇشمۇ تۇشتىن سۈبھى يورۇپ .
تۈن پەردىسى يىرتىلغاندا ، قۇياش پەرى
يەرۇ كۆكنى قانغا بويار نۇرغا تولۇپ .

تۇرخۇنلاردىن تۈرۈم - تۈرۈم چىققان تۈتۈن
سىڭىپ كېتەر لەيلەپ ئاستا تۇمانلارغا .

جىسمى نۇردىن ئېرىگەن ساپ مىلىيون چېچەك ،
تىزىپ كېتەر ئاق سەدەپنى قىيالارغا .

زېمىن ئاپئاق ، ئاسمان ئاپئاق ،
ئالەم ئاپئاق ،
تەبىئەتنىڭ بۇ رەسىمى گۈزەل شۇنچە .
رەسىم ئۈچۈن بېرەر زىنىنەت يەنە باھار ،
ئېچىلدۇرۇپ ئەتە - ئۆگۈن قىزىل غۇنچە .

1988 - ، 1992 - يىللار ، قەشقەر .

## رۇبائىيلار

### 1

مەن سېنى ، سەن مېنى دېيىشتۇق يامان ،
ياخشىغا گادايمۇ ياكى بۇ جاھان ؟
ياخشىغۇ ئاز ئەمەس دۇنيادا بىراق ،
نە ئامال ، پەرق ئېتىپ كۆرمىسە نادان .

### 2

سەن دەيسەن : تەقدىرگە تۇمۇرچى ئىنسان ،
سەندەلدە ھەممىنى ياسايدۇ ئاسان .
مەن دەيمەن : ئەگرىنى تۈزلەپ بولغۇچە ،
بەزىدە ئۆزۈڭنى ئوڭشايدۇ بازغان .

### 3

دوستلارنىڭ دوستلارچە ئۆتكىنى ياخشى ،
مېھرى دىل جامىغا تولغىنى ياخشى .
مەست قىلىپ جان ئالار ئابى زەمزەمدىن ،
بەزىدە زەھەرنىڭ بولغىنى ياخشى .

4

دىيانەت - پاكلىقتىن ئىچىلغاندا گەپ ،
ئۆزىنى پىنھانغا ئالار شۇئان نەپ .
سەن مېنى ، مەن سېنى كولىغان چاغدا ،
چىقار ئۇ : « مەن سېنى نەدە كۆرگەن » دەپ .

5

ئالىم كىم ، زالىم كىم ؟ بۇنىسى بەلگىلىك ،
ناداندىن كەلگۈسى ئەلگە كەلگۈلۈك .
ئالىمنىڭ ئاۋامدىن بولمىسا پەرقى ،
ئەمەسمۇ بۇ ئۆزى بەكمۇ كۈلكىلىك .

6

ئۆزۈڭنى ئۆزگىگە تەڭ قىلما مەيلى .
بىز سېنى سەھەرنىڭ چولپىنى دەيلى .
يۇلتۇزدىن تالاشماس چولپان دېگەن نۇر ،
بولدى - بەس ! قىل ئىنساپ تەڭ نۇر تۆكەيلى !

7

كۈچ - قۇۋۋەت بابىدا مەيلى بول ھاتەم ،
سەن يەنە بىز بىلەن ئوخشاشلا ئادەم .
ھۆرمىتىڭ ، ئىززىتىڭ زادى قانچىلىك ،
بىل ئۇنى ، ئەل ساڭا تۇتقاندا ماتەم .

## 8

داناlar سۆھبىتى دىلغا نۇر - چىراغ ،
نۇر بىلەن دىل خانەڭ زۇلمەتتىن يىراق .
نۇر بىلەن زۇلمەتنى پەرق ئەتمەس نادان ،
ئاگاھ بول ، بېشىڭغا بولىدۇ چوماق .

## 9

شېئىرغا ھەۋەس قىل ، قىلمىغىن چاقچاق ،
ھەۋەستىن مىڭ مۇشكۇل بىر مىسرا يازماق .
شېئىر ئۇ ، دىل كۆكۈڭ تۆككەن پاك يامغۇر ،
ئىلھام ئۇ ، قەلبىڭدە چاقنىغان چاقماق .

## 10

ئادەمدە ئادەمچە بولۇر مۇھەببەت ،
پاك ۋىجدان ، ئەقىدە ئۇنىڭغا زىننەت .
ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى بار دېسە ،
تىل ، ئەقىل ، ئار - نومۇس ، شۇدۇر ئۇ پەقەت .

## 11

دۇنيادا ھەممىدىن كۆپ ئىكەن گەپ - سۆز ،
بەزىسى بەش قىرلىق ، بەزىسى تۇپتۈز .

جاھاندا ئاز نەرسە ، دېسەم قەدىرلىك ،
ئۆز ئارا دۈشمەنكەن ، ھەتتا ئىككى كۆز .

## 12

ھاياتتا بىر دوستتىن ئونى ياخشىراق ،
ئون ئەمەس ، ھەتتا يۈز ، مىڭى ياخشىراق .
باشقا كۈن چۈشكەندە بولسا بىۋاپا ،
بىساپا مىڭ دوستتىن يوقى ياخشىراق .

## 13

ئەر دىلى سۇ ئىچەر ، دوستلۇق - ھىممەتتىن ،
چىن دوستلۇق بۇزۇلغاي ھەسەت - مىننەتتىن .
دوستلۇق ئۇ ھەمىشە تەڭلىككە موھتاج ،
ساۋاق ئال : « دوستلار تەڭ ! » دېگەن ھېكمەتتىن .

## 14

قىلغان سۆز ، ئاتقان ئوق قايتۇرۇپ بولماس ،
ئېغىزنى ھەممىگە كۆندۈرۈپ بولماس .
ئاز سۆزلەپ ، كۆپ ئويلا ، تىلىڭ بولسۇن بال ،
بىلەززەت بولسا ئۇ ، تۇز قويۇپ بولماس .

## 15

ياش تۆكمە ھەسرەتتە ، غېمىڭ كېتەر ، كۈل !
نە ھەسرەت ، دىلدىكى دېغىڭ كېتەر ، كۈل !

تۆمۈرنى دات يەيدۇ ، ئادەمنى قايغۇ ،
تەبئەت بەرگەن قۇت ، چىغىنى كېتەر ، كۈل !

## 16

تىلىڭدىن چىقار سۆز : ۋىجدان ، ساداقەت ،
قەغەزگە پۈتكىنىڭ ئەدلۇ ئادالەت .
كۆزۈڭدىن كۆرگىنىم : ئوخشىماس زىنھار ،
ئۇنىڭدىن چىققان نۇر : دوستقا خىيانەت .

## 17

« ئەجداد بىر ، ئەۋلاد بىر ، قىسمەت ئوخشىماس ،
قىسمەتتىن قونغان قۇش ، نۇسرەت ئوخشىماس .
نە سەۋەب ؟» دېدىمەن بەخت قۇشىغا ،
دېدى ئۇ : « پاراسەت ، غەيرەت ئوخشىماس . »

## 18

نى قىسمەت ، سەۋدالار چۈشمىدى باشقا ؟
نە چارە ، جۈپ كۆزلەر تولماسقا ياشقا .
كۆز ياشمۇ بەزىدە بولۇر ئىكەن بال ،
سەۋرەڭنىڭ قاچىسى ئايلانسا تاشقا .

## 19

ئەجدادلار قامۇسى بىباھا قىممەت ،
بىراق ئۇ ، ئەۋلادقا بېرەلمەس شۆھرەت .

بىز بۇگۈن ئۇلارنى ياتساق سايىداپ ،
ئۆلگەنلەر روھىدىن ياغماسمۇ نەپرەت .

## 20

سورىدىمەن : نادانغا يوقمۇ دورا ، دەپ ،
يا ئۇنى ئېرىتەر يوقمۇ تىلدا گەپ ؟
بار ، دېدى بىر دانا ، بىلسەڭ نادانغا ،
تىلىڭدىن چىقمىغان سۆزلا دورا دەپ .

## 21

ئادەم بىز — گۇۋاھتۇر تىل ۋە ئەقلىمىز ،
شۇ سەۋەب بازاردا يوقتۇر نەرخىمىز .
بىراق قىل ئۇستىدە قىلىمىز جاڭجال ،
ئۇنداقتا ھايۋاندىن نېمە پەرقىمىز ؟

## 22

ئىلىم - پەن يارالغان سائادەت ئۇچۇن ،
دانالار يارالغان پاراسەت ئۇچۇن .
نادانلىق ، قاراملىق ئەلگە چوڭ ئاپەت ،
خۇراپات يول ئاچار جاھالەت ئۇچۇن .

## 23

مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى ياخشى ،
ئۆزگە تەم ، ئۆزگىچە شىرنىسى ياخشى .

كۆپ كۆرگەن، كۆپ بىلگەن ئۇ دانا ئەمەس،
مۇستەقىل، خاس پىكىر ئېگىسى ياخشى.

## 24

دانا كىم، نادان كىم، يوق بەلگە ـ خېتى،
ئۆلچەممۇ بولالماس جىنسى ھەم يېشى.
نادانىنى غادايغان دېسەڭ پو تېرەك،
دانا ئۇ، ئېگىلگەن ئالمىنىڭ شېخى.

## 25

قوشكېزەك ھەمراھتۇر سۆيگۈگە نەپرەت،
ئۆزئارا رەقىبتۇر ھەق بىلەن تۆھمەت.
بىر سىنى كۆرگەندە، بىرسىدىن كەچمەك،
جان كېتىپ، تەن قۇرۇق قالغىنى پەقەت.

## 26

ئۆزۈم تۈز، يولۇم تۈز، مايماق ئەمەسمەن،
ئەقىدە ـ غايەمدىن تانغاق ئەمەسمەن.
شامالغا، قۇيۇنغا ئۇچۇپ يۈرگىلى،
ئازگالنىڭ بەندىسى قامغاق ئەمەسمەن.

## 27

مىلتىقتىن، قىلىچتىن ياماندۇر بۆھتان،
بى خالى بۇ ئىشتىن ۋىجدانلىق ئىنسان.

ھەسەت ئۇ ، تۆھمەتنى توغقان شۇم قۇرت ،
سۆكۈتلا بۆھتاننى كۆيدۈرەر خۇمدان .

28

ۋىجدان ئۇ ، ئىنسانغا ئەمەس ساتارمال ،
يا سىنى پەردازلاپ تۇرغان گۈزەل خال .
يىرتىلسا دىل پەردەڭ بولۇر ئاشكارا ،
يا ئۆزۈڭ پەرىسەن ، ياكى ھەييار چال .

29

چىرايلىق سۆزلەشكە قىلما كۆپ ھەۋەس ،
سۆزۈڭدە پىكرىڭ كەڭ بولسا ، يېتەر ـ بەس .
كۆرمىدىم قۇشقاچنىڭ ئالدىدا تېخى
بۇلبۇلنىڭ ئاز سايراپ بولغىنىنى خەس .

30

« ۋاپاغا تەشنامەن » دېدى مۇھەببەت ،
« نامەردكە ھەمراھمەن » دېدى خىيانەت .
« بى رەھىم ، يۈزسىزمەن ، قاتتىقلىقىمدىن ،
قاقشايدۇ يامانلار » دېدى ئادالەت .

31

بولسا گەر ئۈمىدنىڭ قانىتى سۇنۇق ،
قۇياشمۇ كۆزۈڭگە كۆرۈنەر سوغۇق .

بولسا گەر دىلىڭدا ئۈمىد مەشئىلى ،
كۆرۈنەر مىڭ يىللىق زۇلمەتتىن يورۇق .

**32**

ھەسەت ئۇ ، ھەسەتخور ئىنسانغىلا خاس ،
ئاي كۈننى ھەسەتخور دېسە كەلمەس ماس .
ھەر كىمنىڭ خۇي - پەيلى ئۆزىگە ئايان ،
تۇرامدۇ تاياقتا تاڭسا سىيلىق تاش ؟!

**33**

ھەسەتخور غەيۋەتكە ئامراق كېلىدۇ ،
مۇشۇ كىتەك ھەريانغا چاپقاق كېلىدۇ .
ناۋادا تۇمشۇقتا يېپسە بەز ماراپ ،
ئۇششۇگەن ھەرىدەك چاققاق كېلىدۇ .

**34**

ھەسەت ئۇ ، زەھەرلىك قۇتىغا نىشان ،
دانالار تۆھمەتنىڭ ئوقىغا نىشان .
كىچىك كۆز ، تار قورساق تىرىك مۇردىلار ،
بىساپا ئىنساننىڭ يوقىغا نىشان .

**35**

دانالار ئېيتىدۇ : « ئىشقى يوق ئېشەك ، »
دەردى بار ئادەمنىڭ ، « دەردى يوق كېسەك ، »

ئىشق نېمە ، دەرد نېمە ؟ بىلىدۇ ئىنسان ،
ۋە لېكىن چۈشەنمەس ئۇنى پو تېرەك .

36

« بەش كۈنلۈك قونالغۇ بىلسەڭ بۇ جاھان ،
يەپ - ئىچىپ ، بەختىڭدىن كۈل !» دېدى نادان .
مەن دېدىم : ئىنسانمەن بىھاجەت ماڭا ،
ھايۋاننى بورداشقا كېرەك ئوت - سامان .

37

ئاقىلغا ھەمراھتۇر ، ئېتىقاد ، ھۆرمەت ،
نادانغا رەقىبتۇر ، ياخشى نام ، شۆھرەت .
بىلىمگە بى ئەمەل نىمجان ئالىمغا
ناداندىن مىڭ مەررە كۆپ ياغار لەنەت !

38

دىل خانەم بىر ئالەم ( چەكسىز بىپايان ) ،
خا كېچە ، خا كۈندۈز ئوخشاش نۇرىستان .
يىل بىلەن ئۆلچەنمەس ئۇنىڭ قىش پەسلى ،
دوستلارغا گۈل باھار ، ياۋغا زىمىستان .

39

ئەجدادلار ئەجرىنى دېسەك بىر پىلەك ،
ئەۋلادلار ئۇلاردىن تۇغۇلغان خەمەك .

ئەجىر سىز پىلەك يوق ، چېچەكسىز خەمەك ،
ۋە لېكىن چېچەك بار مېۋىسىز پۇچەك .

**40**

مەدداھنىڭ سۆزلەشتىن يوق باشقا ئىشى ،
ئاڭلىسا بولدى - بەس ! ئولتۇرغان كىشى .
مەدداھقا پۇل لازىم ، شاگىرتقا « يادوس ! »
كۆزۈڭگە چۈمپەردە تۆككەن كۆز يېشى .

**41**

ئۆتكەن ئىش ھەسرىتى دىلغا جاراھەت ،
ئەتىدىن قايغۇرۇش بۈگۈن نە ھاجەت ؟
بۈگۈنكى بەختىڭنى تاپقىن بۈگۈندىن ،
ياق دېمە ئەتىسى بولسا قىيامەت .

**42**

كەل جانان ! لېۋىڭدىن بىر رەت مەي ئىچەي ،
ئىچكەن مەي قىلسا مەست ، دەردىمنى تۆكەي .
دەردىمنى تۆككۈچە ، قان بولسا يۈرەك ،
كۆزدىكى ياش ئەمەس ، جېنىمدىن كېچەي .

**43**

مېنى مەست ، مەھلىيا قىلدى ئاي يۈزۈڭ ،
مېنى خەس ، دىۋانە قىلدى قاش - كۆزۈڭ .

مەستلىكىم ، خەسلىكىم ئۆزۈمگە راھەت ،
ئەمدى جان ئالارمۇ « ياق » دېگەن سۆزۈك .

**44**

ئەجدادلار شۆھرىتى ئۆتمۇشكە مەنسۇپ ،
ئەۋلادلار مېھنىتى بۈگۈنگە مەنسۇپ .
ئاخشامقى توقلۇقتىن بۈگۈن نە پايدا ،
بۈگۈنكى ئاچلىقمۇ ئۆزۈڭگە مەنسۇپ .

**45**

بۈگۈننى ماختىدىڭ — كۈننى ماختىدىڭ ،
ئۆتكەننى ماختىدىڭ — تۈننى ماختىدىڭ .
كۈن بىلەن تۈن دائىم تۇرار ئالمىشىپ ،
پۇل - مالنى ماختىدىڭ ، كۈلنى ماختىدىڭ .

**46**

بۇ دۇنيا قان - تەردىن يارالغان دۇنيا ،
يوقنى بار قىلالماس ھېچ بىر ئەۋلىيا .
سەن نېچۈن شۇ ھەقنى سۆزلەپ تۇرۇقلۇق ،
ئادەملەر ئىچىدىن ياراتتىڭ « خۇدا » ؟

**47**

مىننەتلىك بىر داندىن سامان مىڭ ئەلا ،
ئالدامچى تۈلكىدىن قاۋان مىڭ ئەلا .

ۋىجدانىنى شۆھرەتكە ساتقان دانىشتىن،
بىلىمسىز، ئاق كۆڭۈل نادان مىڭ ئەلا.

48

«مەن» دەيسەن ھەمىشە، تىلىڭدا «سەن» يوق،
ئۆزگىلەر نە كويدا، دىلىڭدا غەم يوق.
«تەييارغا ھەييارلار» بى پەرق ئوغرىدىن،
ۋە لېكىن ئوغرى دەپ يۈزۈڭدە ئەن يوق.

49

نادانلىقتىن كېلەر زۇلمەت ـ جاھالەت،
جاھالەتتىن تۇغەر ئىلىم، ئادالەت.
نادانلىقنى دانالىق دەپ ماختىنىش،
ۋىجدانى بار ئىنسان ئۈچۈن جىنايەت.

50

دوستلۇق دېگەن ۋەزنى تاغدەك ئۇلۇغ گەپ،
دىلدا بولماي، تىلدا بولسا قۇرۇق گەپ.
تەڭلىك سۆزى دوستلۇق ئۈچۈن مىزاندۇر،
بولمىسا ئۇ، سېھرى تىلسىم تۈيۇق گەپ.

51

ھەسەتخورنىڭ كۆزى ئەما، كۆرمەيدۇ،
ھەسەل قايسى، زەھەر قايسى بىلمەيدۇ.

دىل بېغىدىن كەتكەن ئارام، خۇشاللىق،
جاھان كۈلسە، كۆڭلى ماتەم، كۈلمەيدۇ.

**52**

قول يەتمەس ئۈزۈمنى دېدىلەر: چۈچۈمەل،
تەگمىگەن ئەمەلنى دېدىلەر: ماڭا چەل.
رو چىۋىن تاپمامدۇ بەختىنى چەلدىن،
سەن نېچۈن يۈزۈڭگە بەردىڭ ساختا ھەل؟

**53**

ئات بىلەن ئېشەكنى داۋان ئايرىيدۇ،
تاش بىلەن تۇپراقنى قىيان ئايرىيدۇ.
ھېچ كىشى ئۆزىنى دېمەس يەردە خەس،
قايسى زەر، قايسى مىس، ئاۋام ئايرىيدۇ.

**54**

ئۆزۈڭنى ماختىغان ئۆزۈڭنىڭ تىلى،
دوس تارتىپ، جور بولغان ئۆزۈڭنىڭ خىلى.
مىسالى گەندىدىن تۆرەلگەن قۇرت،
كەت دەمدۇ چىۋىننى ئازگالدىن نېرى؟

**55**

تەندىكى كېسەلنى دېمىگىن كېسەل،
ساقىيار دورىدا، قىلسا بىر ئەمەل.

ساقايماس دىلدىكى كۆيدۈرگە ، ھەسەت ،
ئۆلتۈرەر ئۇ يۇقسا ساقنى بىئەجەل !

**56**

سەن دەيسەن : تۇپراقسىز ئايىنماس پىلەك ،
ئىككىمىز پىلەكتىن ئۆسكەن جۇپ خەمەك .
مەن دەيمەن : ئېيتماققا بۇ سۆز چىرايلىق ،
لېكىن سەن ئاخشامدا كۆرگەن چۈش بۆلەك .

**57**

بى مەزگىل قار سۇپەت ئاقاردى چېچىم ،
ئەللىككە ئۇلاشماي ساناقتا يېشىم .
ياش بىلەن ئۆلچىنىپ بولمايدۇ تۆھپە ،
شۇ سەۋەب تاش كەبى قاتتى بۇ بېشىم .

**58**

تۇغۇلغان دۇنياغا ئانام مەن ئۇچۇن ،
مەنمۇ ھەم ياشايمەن بالام سەن ئۇچۇن .
سەندە بار ، مەندە بار ئالەمچە سۆيگۈ ،
خاس ئەمەس بۇ دۇنيا ھەممىمىز ئۇچۇن .

**59**

ھەسەت نەدە ؟ تەندە ئەمەس دىلىڭدا ،
كېسەل نەدە ؟ ئىزدەپ يۈرمە ، قېشىڭدا .
ساقايمايدۇ مۇنداق كېسەل ، بىلىپ قوي ،
گۇمانخورلۇق ئەگىسپ يۈرسە پېشىڭدا .

**60**

كالېندار تۇيۇقسىز قويدى بىر سوئال :
« بېتىمنى يىرتماسقا يوقمۇ بىر ئامال ؟ »
مەن دېدىم : « ۋاقتمۇ باقمايدۇ ساڭا ،
ۋاقتنى تۇتسا كىم ، تاپار شۇ كامال . »

**61**

يار ھىلال قاشى بىلەن كامان ياساپ ،
ئاتتى كىرپىك ئوقىنى نۇرغا چىلاپ .
تەگدى ئوق خەستە يۈرەكنىڭ تۇشتىگە ،
بولدى مەست خەستە تېنىم زەھرى تاراپ .

**62**

قاشلىرىڭ باغلار ئارا بەرگى قىياق ،
كۆزلىرىڭ نۇرغا ماكان بىر جۈپ بۇلاق .

جۇپ بۇلاقتىن ئىزدىسەم دەردكە شىپا ،
كىرپىكىڭنىڭ ھەر تېلى بولدى پىچاق .

## 63

مەجنۇن تالدىن ھەسرەت بىلەن سورايمەن :
« بېشىڭ تۆۋەن نېچۈن ، بىلىپ قالايمەن ؟ »
كەلدى شۇ چاغ مەجنۇن تالدىن بىر سادا :
« ئانا يەرگە تويماي شۇنداق قارايمەن . »

1991 ـ ، 1997 ـ يىللار ، قەشقەر .

# بۆشۇك ۋە قەبرە

( شېئىرلار توپلىمى )

ئاپتورى : تۇرسۇن نىياز
جاۋابكار مۇھەررىرى : تۇرغۇن يىلتىز
جاۋابكار كوررېكتورى : بەختىيار جەسۇر

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى : 3 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1997 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1997 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4080 ــــ 1

---

ISBN7 — 5373 — 0605 — 2/I. 156
باھاسى : 3.00 يۈەن

本集子选录作者一部分优秀的诗作，包括一批柔巴伊和绝句。

# 摇篮与坟墓

（诗集）

作者：吐尔逊·尼亚孜
责任编辑：图尔洪·伊里提孜
责任校对：拜合提亚尔·加苏尔

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 3印张 2插页
1997年11月第1版 1997年11月第1次印刷
印数：1——4080

ISBN7－5373－0605－2/I.156（民文）
定价：3.00元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەنۋەر ھاشىم

ISBN 7-5373-0605-2

9 787537 306058 >

ISBN7 — 5373 — 0605 — 2

I. 156(民文) باھاسى : 3.00 يۈەن